

موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نىمەتۇللا مۇجىزى

# تۇۋارىخى مۇسىقىيۇن

مۇللا ئىسمەتۇللا بىننى مۇللا نىمەتۇللا موجىز

# تەۋارىخى مۇسىقىييۇن

نەشرگە تەييارلىغۇچى:
ئەنۋەر بايتۇر
خەمىت تۆمۈر
مەسئۇل مۇھەررىر:
نۇرمۇھەممەت دۆلەتى

---

مىللەتلەر نەشرىياتى

本书根据中国科学院民族研究所收藏的毛拉·伊斯迈托拉·穆吉孜于1854—1855年所著《乐师传》的手抄本整理出版。

بۇ كىتاپ جۇڭگو ئىجتىمائى پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقاتى ئىنستىتۇتىدا ساقلىنىۋاتقان، مىلادى 1854 ــ 1855 ـ يىلى موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نىمەتۇللا موجىزى تەرىپىدىن يېزىلىپ، ئەلىشىر ناۋايىنىڭ «كۇللىيات» دىۋانى بىلەن قوشۇپ تۈپلەنگەن بىر قولىيازما نۇسخىسىغا ئاساسەن رەتلەپ نەشر قىلىندى.

موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نىمەتۇللا موجىزى
تەۋارىخى مۇسقىيۇن
نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: ئەنۋەر بايتۇر، خەمىت تۆمۈر
مەسئۇل مۇھەررىر: نۇرمۇھەممەت دولەتى
مەسئۇل كوررېكتور: نۇرىيە ئەزىز
مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى
شىنخۇا كىتاپخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلىدۇ
مىللەتلەر باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
1982 ـ يىل 6 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى
1982 ـ يىل 6 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى
كىلىيونكا مۇقاۋىلىغىنىڭ باھاسى: 1.15 يۈەن
ئاددى مۇقاۋىلىغىنىڭ باھاسى: 0.30 يۈەن

# مۇندەرىجە


كىرىش سۆز . . . . . . . . . . . . . . . . 1

تېكست . . . . . . . . . . . . . . . . . 22

تەرجىمە . . . . . . . . . . . . . . . . 46

ئىزاھلار . . . . . . . . . . . . . . . . 71

سۈرەتكە ئېلىنغان نۇسخا . . . . . . . . . 39—1



FROM THE LIBRARY OF GULAMETTIN PAHTA
EAST TURKISTAN NATL RESEARCH CENTER INC

[illegible]


[illegible] . . . . . . [illegible]

[illegible] . . . . . . [illegible]

[illegible] . . . . . . [illegible]

[illegible] . . . . . . [illegible]

[illegible] . . . . . . [illegible]

# كىرىش سوز

بىز كىتاپخانلار بىلەن يۈز كورۈشتۈرمەكچى بولغان «تەۋارىخى مۇسقىيۇن» (مۇزىكىچىلار تارىخى) رىسالىسى خوتەن شەھىرىدە ئۆتكەن موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نىمەتۇللا موجىزى تەرىپىدىن يېزىلغان. بۇ ئەسەرنىڭ بىز ئاساسلانغان قولىيازما نۇسخىسى ئەلىشىر ناۋايىنىڭ «كۇللىيات» ناملىق دىۋانىنىڭ بىر قولىيازما نۇسخىسى بىلەن قوشۇپ تۈپلەنگەن بولۇپ، هازىر جۇڭگو ئىجتىمائى پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقاتى ئىنىستىتۇتىدا ساقلانماقتا. كىتاپ نومۇرى 909.217/149. قولىيازما خوتەننىڭ پاتلىق سامان قەغىزىگە خەتتى نەستەلىك ئۇسلۇبىدا كوچۈرۈلگەن بولۇپ، جەمى 39 بەت. هەر بىر بەتنىڭ هەجمى 15 × 22 سانتىمېتىر، هەر بەتتىكى تېكىست هەجمى 9 × 19 سانتىمېتىر، هەر بەتكە 15 قۇردىن خەت يېزىلغان. قولىيازمىنىڭ تېكىستى قارا سىيادا، كىچىك ماۋزۇلىرى قىزىل سىيادا قومۇش قەلەم بىلەن كوچۈرۈلگەن. قولىيازما قوشۇپ تۈپلەنگەن كىتاپنىڭ مۇقاۋىسى جىگەررەڭ قىرىم بىلەن قاپلانغان بولۇپ، يۈزىگە ئۇيغۇر مىللىي ئۇسلۇبىدا چىرايلىق نەقىش ئىشلەنگەن.

ئاپتور بۇ ئەسەرنى

پۈتۈك تارىخىنى دېپ ئىدىم،
بىلەلمەسمىكىن دېپ ئەجەپ غەم يېدىم.

تۇگەت سوزنى موئجىز غەرىپ بىناۋا،
ئۇلۇغ يولغە كىرگىل بولۇپ ماسىۋا.

دىگەن شېئىر بىلەن ئاخىرلاشتۇرغان. بۇ شېئىرنىڭ "پۈتۈك تارىخىن تارىخىن دەپ ئىدىم" دىگەن مىسراسىدىكى كېيىنكى "تارىخىن" سوزى ئەبجەت بىلەن ھىساپلاش ئۇسۇلى بويىچە ھىجرى 1271 ـ يىلغا توغرا كېلىدۇ. ئەسەرنىڭ ئاخىرىغا يەنە قىزىل سىيادا كونىچە "1271 سىنە" دىگەن يىل نامىمۇ يېزىلغان. دىمەك، موجىزنىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن بۇ يادنامىسى ھىجرى 1271 ـ يىلى (مىلادى 1854 — 1855 ـ يىلى) دۇنياغا كەلگەن.

قولىيازمىنىڭ ئىملاسىغا ئاساسەن، ئۇنى كېيىن كوچۈرۈلگەن دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. بىراق، ئۇنىڭ كوچۈرۈلگەن ۋاقتى ۋە خەتتات توغرىلىق ئېنىق مەلۇمات يوق. قولىيازمىنىڭ باش بېتىگە "ئۇشبۇ تەۋارىخى مۇسىقىيۇن كىتابىنى پۈتتۈرگان ئەلىشىر ھېكىم بېگىمگە يۈز رەھمەت، پۈتكۈچى موللا ئىسمەتۇللا موئجىزغە ئىلاھىم مىڭ رەھمەت قىلغاي، ماڭا بۇ رىسالەنى دۆۋەل ئەزىمشا بېگىم تەقدىم قىلدى، دەپ موھۇر باسقۇچى مۇفتى مۇھەممەت ئىمىن ئىبنى باقىدۇر، 1338 سىنە" دىگەن سوزلەر يېزىلىپ، مۇفتى مۇھەممەت ئىمىن ئىبنى باقىنىڭ سوقچاق موھۇرى بېسىلغان. بۇنىڭدىن بۇ قولىيازمىنىڭ ئەڭ كېيىن بولغان تەقدىردىمۇ ھىجرى 1338 ـ يىلى (مىلادى 1919 — 1920 ـ يىلى)دىن بۇرۇن كوچۈرۈلگەنلىگىنى بىلگىلى بولىدۇ.

بىز تۆۋەندە بۇ ئەسەر توغرىسىدىكى دەسلەپكى مۇلاھىزىلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويىمىز.

# 1

«تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» رىسالىسىنىڭ 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىدا دۇنياغا كەلگەنلىكى تاسادىپى بىر ئىش ئەمەس. ئۇيغۇر ئەدەبىيات ـ سەنئىتى 18 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا چىڭ سۇلالىسى ھوكۇمىتىنىڭ جۇڭغار ئاقسوڭەكلىرى بولۇنمىچىلىكى ۋە ئاپپاق خوجا ئەۋلاتلىرىدىن بولغان چوڭ خوجا بۇرھانىدىن بىلەن كىچىك خوجا خوجا جاھان بولۇنمىچىلىكىنى باستۇرۇپ، شىنجاڭ رايونىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش بىلەن بارلىققا كەلگەن نىسبى تېچ شارائىتتا يەنە بىر قېتىم گۈللىنىش دەۋرىگە قەدەم قويۇپ، 19 ـ ئەسىرگە كەلگەندە چىرىكلەشكەن چىڭ ھوكۇمىتى ئەمەلدارلىرى بىلەن يەرلىك فېودال كۇچلەرنىڭ پاجىەلىك زۇلۇم ـ سەتەملىرىگە قارشى كوتىرىلگەن دېخانلار قوزغىلاڭلىرىغا ماسلىشىپ راسا يۇقۇرى پەللىگە چىققان ئىدى. ئۇيغۇر ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ بۇ قېتىمقى تەرەققىيات دولقۇنى يەركەن خانلىغى (مىلادى 1514 ــ 1678 ـ يىللار) ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن ئاپپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرىنىڭ ھوكۇمرانلىغىدا ۋەيران بولغان ئۇيغۇر ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتەك ئومۇمى ئىستەكنىڭ تۈرتكىسى بىلەن باشلانغان بولسا، خەلقنى نادانلىق ۋە قالاقلىقتىن قۇتقۇزۇش، مىللى مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش، مىللى زۇلۇم ۋە فېوداللىق زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش يولىدىكى مىللى ـ دېموكراتىك ئىدىيۋى ئېقىمنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئەۋجىگە چىقتى.

بۇ دەۋر ئىچىدە نۇرغۇنلىغان مۇنەۋۋەر يازغۇچى، شائىرلار

ئەدىبىيات سەھنىسىگە چىقىپ، ئۆزلىرىنىڭ خىلمۇ-خىل ژانىر ۋە مەزمۇندىكى ئەسەرلىرى بىلەن ئۇيغۇر ئەدىبىياتىنىڭ كوركەم مەنزە-رىسىنى مەيدانغا كەلتۈردى. موللا ئەلەم شەھيارى ۋە ئۇنىڭ مىلادى 1761-يىلى يېزىلغان «گۇل ۋە بۇلبۇل» ناملىق پوئېمىسى، لۈكچۈن-لۈك شائىر ئەھمەت غوجام نىياز ئوغلى (1827-يىلى ۋاپات بولغان) ۋە ئۇنىڭ «رەۋزەتۇلزۇھرا» ناملىق شېئىرىي داستانى، مۇھەممەت سىدىق بەرشىدى ۋە ئۇنىڭ «سىدىقنامە» ناملىق ئەسىرى، شائىر موللا رېھىم ۋە ئۇنىڭ «مۇھەببەتنامە» ناملىق داستانلىرى، يەركەنلىك شائىر ئۆمەرباقى ۋە ئۇنىڭ 1792-يىلى نەسرى-نەزمى شەكلىدە يېزىلغان «پەرھات-شېرىن ۋە لەيلى-مەجنۇن» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى، قۇمۇللۇق شائىر زۇھۇرى ۋە ئۇنىڭ «دىۋانى زۇھۇرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى، موللا يۇنۇس ياركەندى ۋە ئۇنىڭ 1807-يىلى يېزىلغان «يۇسۇپ ۋە زۇلەيخا» داستانى، موللا سىدىق ياركەندى ۋە ئۇنىڭ 1813-يىلى ئەلىشىر ناۋايىنىڭ «خەمسە»سىدىكى 5 داستان ئاساسىدا يېزىپ چىققان «نەسرى مۇھەممەت ھۇسەيىنبەگ» ناملىق توپلىمى، ئىمرى (1822-يىلى ۋاپات بولغان) ۋە ئۇنىڭ «دىۋانى ئىمرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى. قەشقەرلىق نورۇز ئاخۇن كاتىپ زىيائى ۋە ئۇنىڭ «مەھزۇنۇلغۋائىزىن» ناملىق ئېپىك داستانى، ئابدۇرېھىم نىزارى (1845-يىلى ۋاپات بولغان) ۋە ئۇنىڭ «پەرھات ۋە شېرىن»، «مەجنۇن ۋە لەيلى»، «شاھ بەھرام ۋە دىلئارام»، «ۋامۇق-ئۇزرا»، «چاھار دەرۋىش» («ئازات بەخت»)، «مەھزۇن ۋە گۇلنىسا»، «شاھزادە مەسئۇد ۋە دىلئارا»، «رابىيە-سەئدىن» قاتارلىق 12 داستانىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «مۇھەببەتنامە» ناملىق داستانلار توپلىمى بىلەن «دۇررىنىنەجات» ناملىق ئەسىرى، تۇردۇش ئاخۇن

كاتىپ غېرىبى (1802 ـ يىلى قەشقەردە تۇغۇلغان) ۋە ئۇنىڭ «كىتابى غېرىپ» ناملىق داستانى، موللا بىلال بىننى موللا يۇسۇپ (1824 — 1899 ـ يىللار) ۋە ئۇنىڭ 1851 ـ يىلى ئىشلەنگەن «غەزەلىيات» ناملىق شېئىرلار توپلىمى، 1875 ـ يىلى يېزىلغان «غازات دەر مۇلكى چىن» ناملىق داستانى، 1881 ـ يىلى يېزىلغان «چاڭموزا يۇسۇپخان» ناملىق داستانى، 1882 ـ يىلى يېزىلغان «نازۇگۇم» ناملىق قىسسىسى، موللا شاكىر ۋە ئۇنىڭ «زەپەرنامە» ناملىق تارىخىي داستانى قاتارلىق يازغۇچى ۋە ئەسەرلەر شۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بىزگە مەلۇم بولغان مۇھىم نامايەندىلىرىدۇر.

بۇ دەۋر ئىچىدە ئۇيغۇر مۇزىكا ـ ناخشىلىرى بويىچىمۇ بىرمۇنچە جانلىنىشلار بولدى: مىلادى 1820 — 1828 ـ يىللاردا قەشقەر دىخانلار قوزغىلىڭىغا قاتناشقان قەھرىمان ئۇيغۇر قىزى نازۇگۇم ھەققىدە توقۇلغان «نازۇگۇم» قىسسىسى بىلەن «نازۇگۇم» ناخشىسى شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىگە تارقالدى①. خوتەن «قارىقاش ناخشىسى»، قەشقەر «قىزىلگۈل ناخشىسى»، تۇرپان «مايىمخان ناخشىسى»، قۇمۇل «يارىنەم ناخشىسى»، ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ «ئانارخان»، «ئويناڭ تورەم»، «بىۋاپا نادان يارىم»، «خارابىڭ مەن»، «دادەي»، «سارىخان»، «ئاللا يارىم»، «ھاي ـ ھاي ئولەن» قاتارلىق ناخشىلىرىمۇ كەڭ تارقالدى②؛ ئۇلۇغ ئالىم ئەبۇ نەسىر فارابىنىڭ «رىسالەئى مۇغەننىيۇن»، «كىتابۇلمۇسىقى»، «كالامىفۇلمۇسىقى» قاتارلىق

---

① موللا بىلالنىڭ «غازات دەر مۇلكى چىن» داستانىغا ۋە مۇسا سايرامىنىڭ «تارىخى ھەمىدى» سىگە قارالسۇن.

② «شىنجاڭ تارىخ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ماتېرىياللىرى»دىن.

ئەسەرلىرى بىلەن زاھىرىددىن مۇھەممەت بابۇرنىڭ «ئەسرارى مۇسىقى» ناملىق كىتاۋى شۇ چاغدىكى ئۇستا خەتتاتلار تەرىپىدىن قايتا كوچۇرۇپ چىقىلدى.

ئۇيغۇر ئەدەبىيات سەنئىتى بويىچە كوتىرىلگەن بۇ قېتىمقى تەرەققىيات دولقۇنىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىگى شۇكى، يەرلىك هوكۇمرانلار تەبىقىسىدىكى بىر قىسىم ئۇقۇمۇشلۇق زاتلارمۇ بۇ سەپكە قوشۇلۇپ ئۇيغۇر ئەدەبىيات-سەنئىتىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۇچۇن بەلگىلىك توھپە قوشتى. بۇ يەردە 1811-يىلى زۇھۇرى، ئىمرى قاتارلىق شائىرلارنى ئوردىسىغا توپلاپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ پىشۋالىرىدىن بولغان لۇتفى ۋە ئەلىشىر ناۋايىنىڭ شېئىرلىرىدىن ھەم ئىران شائىرلىرىدىن ھاپىز شىرازى قاتارلىق شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدىن نەمۇنە ئېلىپ «باياز» ناملىق بىر توپلام تۈزدۈرگەن قۇمۇل ۋاڭى ئەردىشىر، 1813-يىلى موللا يۇنۇس ياركەندىنىڭ ئەلىشىر ناۋايىنىڭ «خەمسە»سىنى نەسرىلەشتۈرۈپ چىقىشىغا تەشەببۇسكار بولغان يەركەن ھاكىم بېگى مىرزا ھۇسەيىنبەگ، 1841-يىلى تۇردۇش ئاخۇن كاتىپ غېرىبىنىڭ «كىتابى غېرىب» ناملىق ئەسىرىنى يېزىپ چىقىشىغا تەشەببۇسكار بولغان قەشقەر ھاكىم بېگى زۇھۇرىددىن، 1839-يىلى ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ «مۇھەببەتنامە» ناملىق داستانلار توپلىمىنى يېزىپ چىقىشىغا تەشەببۇسكار بولغان تۇرپان ۋاڭى ئەپرىدۇن ۋە مەزكۇر «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» رىسالىسىنىڭ دۇنياغا كېلىشىگە تەشەببۇسكار بولغان خوتەن ھاكىم بېگى مۇھەممەت ئەلىشىر بىننى ئابدۇ مومىنبەگ (ئەلىشىر ھېكىم بەگ)لەرنى كورسىتىشكە بولىدۇ.

دېمەك، قولىمىزدىكى «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» رىسالىسى ئۇيغۇر

ئەدىبىيات ـ سەنئىتىنىڭ 18 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن باشلىنىپ، 19 ـ ئەسىردە يۇقىرى پەللىگە چىققان تەرەققىيات دولقۇنىنىڭ سەمەرىلىرىدىن بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

## 2

«تەۋارىخى مۇسىقىيۇن»نىڭ ئاپتورى موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نىمەتۇللا موجىزىنىڭ ھاياتى توغرىسىدا ھازىرچە مۇشۇ ئەسەردىكى بايانلاردىن باشقا مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز. بىراق، مۇشۇ ئەسەردىكى ماتىرىياللارنىڭ ئۆزىمۇ بىزنىڭ موجىزى ئوبرازىنى خېلى روشەن ھالدا كوز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈشىمىزگە ئىمكانىيەت بېرىدۇ.

موجىزى ئۆز رىسالىسىنىڭ كىرىش قىسمىدا مەزكۇر رىسالىنى يېزىش ئۈچۈن «تارىخى رەشىدى»، «تەۋارىخى رەۋزەتۇسسەفا»، «تەۋارىخى ئەجەم» قاتارلىق پارس تىلىدا يېزىلغان ئەسەرلەردىن ۋە «تەۋارىخى تەبىرى»، «تەۋارىخى ھوكەما»، «تەۋارىخى ئەرەپ» قاتارلىق ئەرەپچە يېزىلغان ئەسەرلەردىن پايدىلانغانلىغىنى، فارابىنىڭ ئەرەپ تىلىدا يېزىلغان «رىسالەئى مۇغەننىيۇن» ناملىق كىتاۋىنى تەرجىمە قىلىش نىيىتىدە ئىكەنلىكىنى يازىدۇ. بىز بۇ بايانلاردىن ئۇنىڭ ئۆز ئانا تىلىدىن باشقا ئەرەپ، پارس تىللىرىنىمۇ پۇختا ئىگەللىگەن مەلۇماتلىق بىر كىشى ئىكەنلىكىنى بىلىمىز.

موجىزى ئۆز ئەسىرىنىڭ كوپ جايلىرىدا ئەلشىر ناۋايىنى "پىرىم"، "ئۇستازىم" دەپ ئاتايدۇ ۋە ئۇنىڭ «كۇللىيات»، «چاھار دىۋان»، «خەمسە»لىرىدىن ھەم بۇلاردىن باشقا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ

يازغان 36 پارچە كىتاۋىدىن بەھرىمەن بولۇپ، ئۇنىڭ خىسلەت ۋە ئىشقى مۇھەببىتىدىن خەۋەردار بولدۇم، دەپ يازىدۇ.① ئۇ يەنە لۇتفى، ئابدۇراخمان جامى، مۇھەممەت كۆشتىنگىرلەرگە باھا بەرگەندە، ئۇلارنىڭ ئالىجاناپلىقىغا ناۋايىنىڭ ئۇلارغا تۇتقان پوزىتسىيىسىنى پاكىت قىلىدۇ. مانا بۇلاردىن موجىزىنىڭ ناۋايىغا چەكسىز ئىخلاس قويغانلىقىنى، ناۋايىنىڭ يۈكسەك بەدىي ماھارىتىگىلا ئەمەس، بەلكى ئەڭ مۇھىمى ئۇنىڭ تەرەققىپەرۋەر ئىدىيىسى بىلەن ئالىجاناپ پەزىلىتىگە قايىل ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

موجىزى فىساغۇرس (پىپاگور) ئۇستىدە توختالغان ۋاقتىدا، ئۇنىڭ ئاغزىدىن "ئۆزەڭنى تۈزلىماي تۇرۇپ كىشىگە نەسىھەت قىلما؛ ئەيىبىڭنى ساڭا كورسەتكان كىشىنى دوست بىلىپ ئەزىز تۇت؛ چىرايلىق لىباس كىيىپ يۈرگىچە چىرايلىق سوز قىلىپ يۈرۈشنى ئۆرگانگىل؛ ياخشى سوزنى ئەيتۇرغە قۇدرەتىڭ بولماسا، ياخشى سوزنى ئىيتقۇچىدىن ئۆرگانگىل؛ ئىلىم ئۆرگانىشدىن نومۇس قىلما، ئىلىمسىزلىكتىن نومۇس قىل......" دىگەن ھىكمەتلىك سوزلەرنى كەلتۈرىدۇ.② فارابى ئۇستىدە توختالغىنىدا بولسا، ناھايىتى باتۇرلۇق بىلەن ئۇنىڭ "يۈز يىل ئىبادەت قىلىپ ئالالمىغان فەيزنى مىنىڭ قانۇنۇمنىڭ ‹قالونۇمنىڭ›③ سىملاردىن ئالغايسىزلار" دىگەن سوزنى نەقىل كەلتۈرىدۇ.④ ھازىرمۇ ئۆزىنىڭ ئەھمىيىتىنى يوقاتمىغان بۇ

① مۇشۇ كىتاپنىڭ 31 - بىتىگە قارالسۇن.
② مۇشۇ كىتاپنىڭ 27 - بىتىگە قارالسۇن.
③ بۇ يەردىكى ۋە باشقا يەرلەردىكى ئۈچلۈق تىرناق ‹ › ئىچىگە ئېلىنغان سوزلەرنى نەشرگە تەييارلىغۇچى قوشقان.
④ مۇشۇ كىتاپنىڭ 29 - بىتىگە قارالسۇن.

ھكمەتلىك سوزلەر ئەمەلىيەتتە موجىزىنىڭ ئوز دۇنيا قارىشىنىڭ ئىنكاسى بولۇپ، بۇ يەردە ئۇلارنى ئەينى زاماندىكى نادانلىق، تەركى دۇنيالىق ۋە قۇللۇقنى تەشەببۇس قىلغۇچى جاھىل كۇچلەرگە قارىتىپ ئېيتىلغان ئوق، خەلق ئاممىسىغا بېرىلگەن سەممىي مەسلىھەت سۇپىتىدە قوللانغان.

موجىزىنىڭ فېئوداللىق-دىنىي چەكلىمىلەر بولۇپمۇ تەرىقەتچى-لىكنىڭ چەكلىمىلىرى تۇپەيلى تارىختا كومۇلۇپ قالغان مۇزىكا ئالىمى ۋە شائىرە ئامانىساخان نەفىسىنى تارىختىكى 17 نەپەر مۇزىكا پىرى قاتارىغا كىرگۇزۇپ، زور ھورمەت بىلەن خالايىققا تونۇشتۇرۇشىمۇ ئۇنىڭ شۇ دەۋردىكى تەرەققىپەرۋەر زىيالىلار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشقا پۇتۇنلەي مۇناسىپ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

موجىزى «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن»نىڭ مۇقەددىمىسىدە ئاللاغا مۇناجات قىلىپ "ئاسى قۇلۇڭدۇرمەن فەقىر، جافى قۇلۇڭدۇرمەن ھەقىر، غەم ئىلكىدە بولدۇم ئەسىر، سەنسەن ماڭا فەريادىرەس" دېگەن مىسرالارنى يازىدۇ ۋە ئوز ئەسىرىنى "تۇگەت سوزنى موجىز غەرىپ بىناۋا، ئۇلۇغ يولغە كىرگىل بولۇپ ماسىۋا" دېگەن بېيىت بىلەن ئاخىرلاشتۇرىدۇ. بىز بۇ مىسرالاردىن ئۇنىڭ يۇقۇرقىدەك مەزمۇن-لارنى ئوز ئىچىگە ئالغان «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» رىسالىسىنى يازغانلىقىنىڭ فېئوداللىق دىنىي پىرىنسىپلارغا بولۇپمۇ تەرىقەتچىلىك پىرىنسىپلىرىغا زىت كېلىدىغانلىقىنى ئوزىمۇ ئېنىق بىلىپ تۇرغانلىقىنى ۋە شۇ چاغلاردا يەنىلا خېلى سالماقنى ئىگەللەپ تۇرغان مۇتەئەسسىپ جاھىل كۇچلەرنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىماسلىق ئۇچۇن ئوز ھەركىتىنى مۇشۇ يول بىلەن ئاز-تولا نىقابلىغانلىقىنى كورىمىز.

«تەۋارىخى مۇسىقىيۇن»نىڭ تەشەببۇسچىسى ئەلشىر ھېكىم بەگ

موجىزنى "سەنكىم كەسىپلىك ھەم مۇسىقىدۇر ھەم ئەبىيات مەملىكەتىنىڭ بۇلبۇلۋار سۇلتانى، ئەدەبىيات مۇلكىنىڭ تۇتى شىرىن لىسانىدۇرسەن ھەم خۇش پۈتـكۈچى ھەم دىلكەش ئەيتقۇچى سەنـدۇرسەن" دەپ تەرىپلەيدۇ.① گەرچە بۇ سوزلەر ئىنتايىن مۇبالىغىچىلىك بىلەن ئېيتىلغان بولسىمۇ، ھەرھالدا موجىزىنىڭ شۇ دەۋردە داڭلىق كەسپى مۇزىكانت ھەم نۇرغۇن ئەسەرلىرى بىلەن تونۇلغان مەشھۇر شائىر بولۇپ ئۆتكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ باشقا ئەسەرلىرى بىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن ياكى تېخى قولىمىزغا چۈشمىگەن.

3

موجىزى ئوز ئەسىرىدە تونۇشتۇرغان 17 نەپەر مۇزىكا پىرى ئىچىدە ئۇنىڭ قىدىرخان ياركەندى بىلەن ئامانىساخان نەفىسى توغرىسىدىكى مەلۇماتلىرى بىزنىڭ مەدەنىيەت تارىخىمىزدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان بۇ شەخسلەر توغرىسىدىكى تۇنجى يازما مەلۇمات بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

موجىزى قىدىرخان ياركەندىنىڭ نادىر مۇزىكا ئالىمى، تەڭداشسىز ناخشىچى ۋە ئۇستا شائىر ئىكەنلىكىنى، راۋاپ بىلەن ھەشتارنى كەشپ قىلغانلىقىنى، «ۋىسال» ناملىق بىر مۇقامنى ئىجات قىلغانلىقىنى، مۇزىكا ئىلمى توغرىسىدا كوپلىگەن مېغىزلىق ماقالىلارنى يازغانلىقىنى، «دىۋانى قىدىر» ناملىق شېئىرلار توپلىمى چىقارغان-

① مۇشۇ كىتاپنىڭ 25 ـ بېتىگە قاراڭ.

لىغىنى، يەركەن خانلىغىنىڭ مەرىپەتپەرۋەر پادىشاسى سۇلتان ئابدۇرىشتخاننىڭ كىچە - كۈندۈز ئايرىلمايدىغان ئەڭ يېقىن كىشىسى بولۇپ ئوتكەنلىگىنى ۋە ئىران، ئىراق، تەبرىز، خارەزىم، سەمەرقەند، ئەنجان، ئىسلامبۇل (ئىستامبۇل)، كەشمىر، بەلخ، شىراز قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن شاگىرتلىرى بولۇپ، ئۇلارغا مۇزىكا ئىلمىدىن دەرس بەرگەنلىگىنى يازىدۇ. لۇتفى ئۇستىدە توختالغىنىدا ئۇ "ئالىملىقدا ھەزرەتى ئەبۇ نەسىر فارابىدېك، ھەكىملىقدا ھەزرەتى ئىبنى سىنادېك، شائىرلىقدا ھەزرەتى ئەمىر نىزامىددىن ئەلىشىر - ناۋايىدېك، مۇغەننىلىقدا تەخى قىدىرخانىدېك ئىردىلار"① دەپ قىدىرخاننى شۇ زاماننىڭ ئەڭ كاتتا ئالىملىرى قاتارىغا قويىدۇ. بىز موجىزنىڭ بۇ بايانلىرىدىن 16 - ئەسىردە ئوتكەن بۇ ئۇيغۇر ئالىمى ھەققىدە خېلى تەپسىلى مەلۇماتقا ئىگە بولىمىز. بۇ يەنە يەركەن خانلىغىنىڭ پايتەختى يەركەن شەھىرىنىڭ شۇ دەۋرلەردە پۈتۈن شەرق ئەللىرىنىڭ بىر مۇزىكا ئۆگىنىش يۇرتى بولغانلىغىدىن دېرەك بېرىدۇ.

موجىزنىڭ فېودالىلىق دىنىي چەكلىمىلەر تۈپەيلى نەچچە ئەسىر كومۇلۇپ قالغان شائىرە، مۇزىكا ئالىمى ئامانىساخان نەفىسنى يورۇق دۇنياغا چىقارغانلىغى ئۇنىڭ ئۇيغۇر مەدىنىيەت تارىخىغا قوشقان يەنە بىر زور توھپىسى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. بىرمۇنچە پاكىتلار موجىزنىڭ ئامانىساخان نەفىسى توغرىسىدىكى بايانلىرىنىڭ ئەمىلىيەتكە ئۇيغۇن ئىكەنلىگىنى ئىسپاتلايدۇ.

بىرىنچىدىن، 1956 — 1959 - يىللىرى سابىق جۇڭگو پەنلەر ئاكادىمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقاتى ئىنىستىتۇتىنىڭ شىنجاڭ ئازسانلىق مىللەتلەر جەمىيىتى ۋە تارىخىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى .قەشقەر،

① مۇشۇ كىتاپنىڭ 39 - بېتىگە قارالسۇن.

يەركەن، قاغىلىق، خوتەن قاتارلىق جايلاردىن ئامانىسا بېگىم ناملىق بىر شائىرە توغرىسىدا بەزى ھېكايە-رىۋايەتلەرنى توپلىغان ئىدى. بۇ رىۋايەتلەرنىڭ بىرىدە ئامانىسا بېگىمنىڭ يەركەن خانلىقى زامانىدا ئۆتكەن قىدىرخان ياركەندىنىڭ قىزى ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ سۇلتان ئابدۇرىشىتخانغا ياتلىق قىلىنغانلىقى، نۇرغۇن شېئىر-داستانلار يازغانلىقى، «ئىشرەت ئەنگىز»① نامىلىق بىر مۇقام ئىجات قىلغانلىقى، كېيىن تۇغۇتتا ۋاپات بولغانلىقى، ئارىدىن يۈز يىل ئۆتۈپ ئاپپاق خوجا تەختكە چىققاندىن كېيىن ئۇنىڭ خەلق ئىچىگە تارالغان بارلىق شېئىر-غەزەللىرى كۆيدۈرۈلۈپ، «ئىشرەت ئەنگىز» مۇقامىنى ئېيتىشمۇ چەكلەنگەنلىكى، سۇلتان ئابدۇرىشىتخانىڭ «دىۋانى رەشىدى»، «غەزەلىياتى رەشدى»، «رىسالائىننامە» قاتارلىق ئەسەرلىرىمۇ كۆيدۈرۈۋېتىلگەنلىكى ھېكايە قىلىنىدۇ. دېمەك موجىزىنىڭ ئامانىساخان ھەققىدىكى بايانى ئاساسىي جەھەتتىن مۇشۇ رىۋايەتكە ئوخشايدۇ. بىراق، موجىزىنىڭ بايانىدا ئامانىساخان قىدىرخان ياركەندىنىڭ قىزى ئەمەس، بەلكى تارىم بويىدىكى ئوتۇنچى مەخمۇتنىڭ قىزى دېيىلىدۇ.

ئىككىنچىدىن، مەخمۇت جوراس ئۆزىنىڭ «تارىخى رەشىدى-زەيلى» نامىلىق ئەسىرىدە تارىخچى مىرزا ھەيدەر تەرىپىدىن يېزىلغان «تارىخى رەشىدى» نامىلىق ئەسەردىن نەقىل كەلتۈرۈپ، سۇلتان ئابدۇرىشىتخان "ھەر كارۇدىيارىدا بەمەسەلمانىدا ئىدى يەنى ھەم تېڭى يوق ئىدى، ئىلمى مۇسىقىدا ماھىر ئىدى، بەلكى مۇسەننەف ئىدى، ئىشرەت ئەنگىز دەپ بىر ساز پەيدا قىلىپ ئىدى" دەپ يازىدۇ. 19-ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر ئۇيغۇر تارىخچىسى

① ئىشرەت ئەنگىز خۇشاللىق قوزغاش دېگەن مەنىدە.

موللا مۇسا سايرامىي ئۆزىنىڭ «تارىخى ئەمنىيە»، «تارىخى ھەمىدى» ناملىق ئەسەرلىرىدە "ئابدۇرىشتخان.....موللا فازىل شائىر، فارسى ۋە تۈركى نەزمنى ياخشى ئەيتۇر ئىدى، ئىلمى مۇسىقىدا گۇياكى فىساغۇرس سانى ئىدىلەر، ئىشرەت ئەنگىز دەپ بىر مۇقام ئىختىرا قىلدى" دەپ يازىدۇ. بۇ بايانلار، بىر تەرەپتىن، سەنئەتپەرۋەر ئابدۇرىشتخاننىڭ ئامانىساخاننى ئۇچرىتىپ ئۇنىڭ چالغان تەمبۇرىنى ۋە ئېيتقان غەزىلىنى ئاڭلاش بىلەنلا ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ، ئۇنى ئۆز ئەمرىگە ئالغانلىغىنىڭ ھەقىقەتەن پۈتۈنلەي ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئامانىساخان ئىجات قىلغان «ئىشرەت ئەنگىز» مۇقامىنى ئابدۇرىشتخان ئۆزىنىڭ قىلىۋالغان ئىشىنىڭمۇ ھەقىقەتتە بولغان ئىش ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئامانىساخان نەفىسى تەكلىماكان بويىدىكى كەمبەغەل ئوتۇنچى مەخمۇتنىڭ قىزى بولۇپ، 13 ياش چېغىدىلا ئۇستا مۇزىكانت، شائىرە ۋە خەتتات بولۇپ يېتىلگەن. يۇقىراچە ياسىنىپ ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كەلگەن ئابدۇرىشتخان ئۇنىڭ چېلىپ بەرگەن تەمبۇرىنى ۋە ئابدۇرىشتخانغا بېغىشلىغان بىر غەزىلىنى ئاڭلاپلا ئۇنىڭغا ئاشىق بولىدۇ. ئابدۇرىشتخان ئۇنىڭ يازغان خەتلىرىنى كۆرۈپ، بۇ خەتلەرنى شۇنچىلىك كىچىك بىر قىزنىڭ يازغانلىغىغا ئىشەنمەي، ئۇنىڭدىن شۇ سورۇننىڭ ئۆزىدە خەت يېزىپ بېقىشنى تەلەپ قىلغاندا، ئامانىساخان دەرھال "يارەب بۇ بەندە ئەجەپ قىلدى سوئىزەن ماڭا، گۇيا بۇ ئۆيگە ئۇندى بۇ ئاخشام تىكەن ماڭا" ① دىگەن ھازىر

① خۇدا، بۇ بەندە ماڭا تولىمۇ گۇمانلىق كوزدە قارىدى، گويا بۇ ئۆيدە بۇگۇن ئاخشام مەن ئۇچۇن بىر تىكەن ئۈندى.

جاۋاپ بېيتنى يېزىپ ئابدۇرىشتخاننى مات قىلىدۇ. ئابدۇرىشتخاننىڭ قىزغا بولغان مۇھەببىتى تېخىمۇ كۈچىيىپ، شۇ كېچىسىلا ئەلچى ئەۋەتىپ قىزنى ئۆز نىكاھىغا ئالىدۇ.

ئامانىساخان خەلق ئاممىسى، خەلق نەغمىچىلىرىدىن ئىبارەت ناخشا ـ مۇزىكا بۇلىغىدىن بىۋاستە ئوزۇقلىنىپ يېتىلگەن تالانتلىق مۇزىكانتتۇر. 13 ياشلىق بىر يېزا قىزىنىڭ مۇزىكىدا شۇنچىلىك كامالەتكە يېتىشى ئۇيغۇر ناخشا ـ مۇزىكىلىرىنىڭ شۇ دەۋردىلا يۇكسەك دەرىجىدە راۋاجلانغانلىقىنى، جەمىيەتنىڭ ھەممە قاتلاملىرىغىچە ئومۇملاشقانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئامانىساخان نەفىسىنىڭ ئابدۇرىشىتخان سارىيىدا تۇرغان مەزگىللەردە ئابدۇرىشتخاننىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمى بولغان داڭلىق مۇزىكا ئالىمى قىدىرخان ياركەندىنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇنىڭ مۇزىكا ۋە ئەدەبىيات جەھەتتىكى بىلىم ۋە ماھارىتىنى تېخىمۇ ئۇستۇرگەنلىكى، قىدىرخان ياركەندى بىلەن بىرلىكتە ئۇيغۇر مۇزىكىلىرىنى رەتلەش ۋە كېڭەيتىش جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەتلەر ئىشلىگەنلىكى شۇبھىسىز. ئامانىساخان توغرىسىدىكى رىۋايەتتە ئۇنىڭ قىدىرخان ياركەندىنىڭ قىزى دەپ ھىكايە قىلىنىشى تاسادىپى ئىش ئەمەس. مۇنداق رىۋايەتنىڭ تارقىلىشىغا، بىر تەرەپتىن، ئامانىساخاننىڭمۇ خۇددى قىدىرخاندەكلا ئۇستا مۇزىكانت بولۇپ يېتىلگەنلىكى سەۋەپ بولغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ قىدىرخان بىلەن بىرلىكتە ئۇيغۇر مۇزىكىچىلىقىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن سىڭدۇرگەن ئەمگەكلىرى سەۋەپ بولغان.

لېكىن ئامانىساخان نەفىسىنىڭ مۇزىكا ۋە ئەدەبىيات ساھەسىدىكى پائالىيەتلىرى جەمىيەتتىكى ھەتتا ئابدۇرىشتخان ئوردىسىدىكى

مۇتەئەسسىپ جاھىل كۈچلەرنىڭ قاتمۇ-قات توسقۇنلۇقلىرىغا دۇچ كەلگەن. ئۆزىنىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىكى بىلەن شۆھرەت قازانغان ھەم ئامانىساخاننى جېنىدىنمۇ ئارتۇق ياخشى كۆرىدىغان ئابدۇرىشىتخاننىڭ ئامانىساخان ئىجات قىلغان «ئىشرەت ئەنگىز» مۇقامىنىڭ ئامانىساخان نامىدا تارقىلىشىنى مۇۋاپىق كۆرمەي، ئۇنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالغانلىقىدىن ئىبارەت مۇشۇ پاكىتلا ئامانىساخاننىڭ قانچىلىك توسقۇنلۇقلارغا دۇچ كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ بۇ ساھەدىكى نۇرغۇن پائالىيەتلىرى خاتىرىلەنمىگەن. تۈرلۈك توسقۇنلۇقلارنى يېڭىپ، جەمئىيەتكە تارقالغان ئەسەرلىرىمۇ كېيىنكى كۈنلەردە جاھىل كۈچلەرنىڭ قاتتىق بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچرىغان. موجىزىنىڭ بىزگە بەرگەن مەلۇماتلىرى شۇ بۇزغۇنچىلىقلاردىن ئامان قالغان، ئەڭ مۇھىمى، خەلق ئىچىدە ساقلىنىپ قالغان ماتېرىياللارنى ئاساس قىلغان. شۇ سەۋەپتىنمۇ بۇنى ھەسسىلەپ قەدىرلەشكە ئەرزىيدۇ.

## 4

«تەۋارىخى مۇسىقىيۇن»دىكى بەزى ماتېرىياللار ئۇيغۇر مۇزىكىلىرىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىكى بولۇپمۇ ئۇيغۇر خەلق كلاسسىك مۇزىكىسى — ئون ئىككى مۇقامىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىكى بەزى مەسىلىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز ئۈچۈن بىزنى مۇھىم يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

«تەۋارىخى مۇسىقىيۇن»نى ئوقۇغاندا، موجىزىنىڭ "مۇقام" سۆزى

ئۇستىدىكى چۈشەنچىسى بىزنىڭ دىققەت-ئېتىۋارىمىزنى قوزغايدۇ. موجىزى ئۆز ئەسىرىدە «راك»، «ئۇشاق»، «ئۆزھال»، «چول ئىراق»، «نەجەم»، «ناۋا»، «ۋىسال»، «چاھار زەرپ»، «چاھارگاھ»، «دۇگاھ»، «پەنجىگاھ»، «مۇشاۋرەك»، «بەيادەك»، «سىگاھ». «بايات»، «ئىشرەت ئەنگىز»دىن ئىبارەت 16 مۇقامنى تىلغا ئالىدۇ. لېكىن ئۇ ھازىرقى «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ ناملىرىنى ئاساسەن ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ ناملارنى يۇرۇشلەشتۈرۈلگەن، "چوڭ نەغمە"، "داستان" ۋە "مەشرەپ"تىن ئىبارەت 3 قىسىمغا بولۇنۇپ، ھەر قىسمى بىرلانچىلغان نەغمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چوڭ تىپتىكى مۇزىكا مەنىسىدە ئەمەس، بەلكى ئېشىپ كەتسە بىرنەچچە مەرغۇلى بولغان بىر يەككە نەغمە مەنىسىدە تىلغا ئالىدۇ. مەسىلەن، ئۇ فارابى ئۇستىدە توختالغىنىدا ئۇنىڭ «راك»، «ئۇشاق» ۋە «ئۇشاق»نىڭ مەرغۇللىرىنى ئىجات قىلغانلىقىنى، «ئۆزھال» مۇقامىنى بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى مەرغۇللىرىغىچە ئىجات قىلغانلىقىنى يازىدۇ؛ مۇھەممەت كۇشتىنىگىر ئۇستىدە توختالغىنىدا، ئۇنىڭ چارىگاھ مۇقامىنى ئىجات قىلىپ ئۇنىڭغا مەۋلانە تۇتىنىڭ بىر غەزىلىنى سالغانلىقىنى. دۇگاھ مۇقامىنى ئىجات قىلىپ ئۇنىڭغا مىرخىسرو دېھلەۋىنىڭ بىر غەزىلىنى سالغانلىقىنى، پەنجىگاھ مۇقامىنى ئىجات قىلىپ ئۇنىڭغا مەۋلانە كاتىبىنىڭ بىر غەزىلىنى سالغانلىقىنى يازىدۇ. مەلىكە ئامانىساخان ئۇستىدە توختالغىنىدىمۇ، ئۇنىڭ يولۇچى سۈپىتىدە ئويىگە كىرگەن سۇلتان ئابدۇرىشتخانغا پەنجىگاھ مۇقامىغا تەمبۇر چېلىپ بېرىپ، بۇ مۇقامغا ئۆزىنىڭ ئابدۇرىشتخانغا بېغىشلاپ يازغان بىر غەزىلىنى سېلىپ ئوقۇغانلىقىنى يازىدۇ. مانا بۇ مىساللاردىن گەپنىڭ بىر يۇرۇشلەشتۈرۈلگەن نەغمىلەر سىستېمىسى

ئۇستىدە ئەمەس، بەلكى ئايرىم بىرنەغمە ئۈستىدە كېتىۋاتقانلىقى ناھايىتى ئېنىق كۆرۈنىدۇ.

موجىزى "مۇقام" دەپ ئاتاۋاتقان بۇ يەككە نەغمىنى ھازىرقى يۇرۇشلەشتۇرۇلگەن مۇقاملاردا باشلىنىش مۇزىكىسى دېيىلىدىغان چاچما ئۇدارلىق (داپ چېلىنمايدىغان) نەغمە دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ. چۈنكى، بىرىنچىدىن، "مۇقام" سۆزى ھازىرمۇ ئەل ئىچىدە چاچما ئۇدارلىق باشلىنىش مۇزىكىسى مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن، قۇمۇل مەشرەپلىرىنىڭ يالغۇز غىجەك بىلەن ئورۇنلىنىدىغان چاچما ئۇدارلىق باشلىنىش مۇزىكىسى ئادەتتە "مۇقام" دەپلا ئاتىلىدۇ. دولان مۇقاملىرىدىمۇ باشلىنىش مۇزىكىسى "مۇقام" دەپلا ئاتىلىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، موجىزى "مۇقام" سۆزىنى ھامان "ناخشا"، "ئاھاڭ" سۆزلىرى بىلەن قاتار قويىدۇ، مەسىلەن، مۇھەممەت كۆشتىنگىر ئۈستىدە توختالغىنىدا، ئۇنىڭ "بىھەد ۋە بىشەدەد غەزەل، مۇقاملار، ئاھاڭلار ئىجات قىلغان" لىغىنى يازىدۇ.① مانا بۇنىڭدىن ئۇنىڭ "مۇقام" سۆزىنى باشقا نەغمىلەردىن پەرقلىق بولغان بىرنەغمە مەنىسىدە ئىشلىتىۋاتقانلىقى ناھايىتى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. ئۈچىنچىدىن، موجىزى "مۇقام" ئۈستىدە سۆزلىگىنىدە ھامان ئۇنىڭغا قايسى شائىرنىڭ قايسى غەزىلى سېلىنغانلىقىنى ئېيتىپ، مۇقامنىڭ سۈپىتىنى ئۇنىڭغا سېلىنغان غەزەلنىڭ سۈپىتى بىلەن ئۆلچەيدۇ. تېكىستنىڭ رولىنى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرىدىغان بۇ خىل ئەھۋال تولاراق چاچما ئۇدارلىق نەغمىگە مۇۋاپىق كېلىدۇ، چۈنكى بۇ خىل نەغمىلەر ئادەتتە ساتار، غىجەك ياكى تەمبۇر قاتارلىق بىر ئاساسىي

① مۇشۇ كىتابنىڭ 36 ـ بېتىگە قارالسۇن.

ساز بىلەن يالغۇزكىشى تەرىپىدىن ئورۇنلىنىدىغانلىقى، چاچما ئۇدارلىق بولغانلىقى ھەم تاللانغان غەزەللەر سىلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەرنىڭ دىققىتى مۇزىكىدىن كورە كوپرەك تېكىستكە مەركەزلىشىدۇ.

موجىزى تونۇشتۇرغان 17 نەپەر مۇزىكا پىرىدىن 14 نەپىرىنى 15 ـ، 16 ـ ئەسىردە ئوتكەن ئاتاقلىق شائىرلار تەشكىل قىلغان بولۇپ، ئەسەردە تىلغا ئېلىنغان 16 مۇقامدىن 13 ى مۇشۇ شائىرلارنىڭ نامى بىلەن باغلانغان. موجىزى يەنە ناۋايىنىڭ ھەر كېچىسى سەتار ياكى تەمبۇر بىلەن ئوزى يازغان غەزەللەرنى ئوقۇپ بىھوش بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى يازغان.

يۇقۇرىدىكى ئەھۋاللارغا ئاساسەن مۇنداق خۇلاسىگە كېلىشىمىز مۇمكىن: بىرىنچىدىن، «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن»دا "مۇقام" دەپ ئاتالغان بۇ چاچما ئۇدارلىق نەغمىلەر شۇ دەۋردە كوپرەك شائىرلار دائىرىسىدە ئەۋج ئالغان بولۇپ، تېخى خەلقىنىڭ ئەسىرلەردىن بۇيانقى مۇزىكا بايلىقىنىڭ جەۋھىرى سۈپىتىدە تاللىنىپ يۇرۇشلەشتۇرۇلۇۋاتقان چوڭ نەغمىلەر تەركىۋىگە كىرگۈزۈلمىگەن: ئىككىنچى، ھازىرقى «ئون ئىككى مۇقام» تەركىۋىدىكى يۇرۇشلەشتۇرۇلگەن چوڭ نەغمىلەر ھە دىگەندىلا ھازىرقى نامى بىلەن ئاتالمىغان، ئۇلار ھازىرقى نامغا شۇ نامدىكى چاچما ئۇدارلىق يەككە نەغمىلەرنىڭ كېيىنكى كۈنلەردە ئۇلارنىڭ باشلىنىش مۇزىكىسى قىلىپ كىرگۈزۈلۇشى بىلەن ئېرىشكەن، ئىككىنچى تۇرلۇك قىلىپ ئېيتقاندا، "مۇقام" ئاتالغۇسى 15 ــ 16 ـ ئەسىرلەردە، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كېيىنكى مەلۇم دەۋر ئىچىدە پەقەت تار مەنىدىلا قوللىنىلىپ، چاچما ئۇدارلىق نەغمە ئۇقۇمىنى ئىپادىلىگەن. كېيىنكى دەۋرلەردە شۇ چاچما ئۇدارلىق نەغمىلەرنىڭ

يۇرۇشلەشتۇرۇلگەن چوڭ نەغمىلەرگە باشلىنىش مۇزىكىسى قىلىپ كىرگۈزۈلۈشى بىلەن كەڭ مەنىدە — يۇرۇشلەشتۇرۇلگەن چوڭ نەغمە مەنىسىدىمۇ قوللىنىلىدىغان بولغان؛ ئۈچىنچى، «ئون ئىككى مۇقام» تەركىبىدىكى چوڭ نەغمىلەر ئۇيغۇر خەلق مۇزىكىلىرىنىڭ ئۇزۇن ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ نەتىجىسى، ئۇلار ئاساسەن خەلق ئىجادىيىتى ئاساسىدا شەكىللەنگەن، لېكىن ئۇلارغا ھەرقايسى دەۋر-لەردىكى ئايرىم شەخسلەرنىڭ ئىجادىي ئەمگەكلىرىمۇ سىڭگەن.

## 5

بۇ ئەسەرنىڭ تىلى ئاساسىي جەھەتتىن 14 - ئەسىردىن 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە قوللىنىلغان ئۇيغۇر يېزىق تىلى — چاغاتاي تىلىغا مەنسۇپ بولسىمۇ، لېكىن، زور دەرىجىدە شۇ دەۋردىكى جانلىق ئۇيغۇر تىلىغا يېقىنلاشتۇرۇلغان، بەزى قىسىملىرى، مەسىلەن ئامانىساخان قىسمى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا دېگۈدەك يېزىل-غان؛ قولىيازمىنىڭ ئىملاسىدا چاغاتاي يېزىغىنىڭ ئىملا قائىدىلىرىدىن چەتلەپ جانلىق تىلغا يېقىنلاشتۇرۇلغان جايلار تېخىمۇ كوپ. مەسىلەن، چاغاتاي تىلىنىڭ ئىملا قائىدىسى بويىچە "چاليب"،"باريب" "بولغانينى"، "چالماقيدين"، "قيلماغايسيزلار"، "الالماغان" شەكلىدە ئاجىزلاشتۇرۇلماي يېزىلىشقا تېگىشلىك سوزلەر بەزى جايلاردا "چيليب"، "بيريب"، "بولغينى نى"، "چاليميقيدين"، "قيلميغايسيزلار"، "الالميغانْ" شەكلىدە ئاجىزلاشتۇرۇپ يېزىلغان؛ "ناموُس"، "شاگرد"، "امر" شەكلىدە يېزىلىشقا تېگىشلىك سوزلەر بەزىدە جانلىق تىلدىكى

تەلەپپۇزى بويىچە "نومۇس"، "شاگىرت"، "امرى" قىلىپ يېزىلغان. چاغاتاي يېزىقىنىڭ ئىملا قائىدىسىگە توغرا كەلمەيدىغان بۇ خىل ئەھۋاللار قولىيازما كېيىن كوچۇرۇلگەندە يۈز بەرگەن بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. مەيلى قانداق بولمىسۇن، بۇ ئەسەر ئۇيغۇر يېزىق تىلىنىڭ چاغاتاي تىلى دەۋرىنى بولۇپمۇ چاغاتاي تىلىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىغا ئۆرۈن بېرىش جەريانىنى تەتقىق قىلىشتا بەلگىلىك پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

## 6

«تەۋارىخى مۇسىقيۇن» رىسالىسى بىزنىڭ مەدەنىيەت تارىخىمىزنى بولۇپمۇ مۇزىكا تارىخىمىز بىلەن ئەدەبىيات تارىخىمىزنى تەتقىق قىلىشتا بىزنى خېلى مۇھىم ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدىغان ياخشى ئەسەر بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىرمۇنچە ئېغىر نۇقسانلاردىنمۇ خالى ئەمەس. موجىزى پەقەت كوپرەك شائىرلار ۋە زىيالىلار دائىرىسىدە ئەۋج ئالغان چاچما ئۇدارلىق يەككە نەغمىلەرنىلا (تار مەنىدىكى "مۇقام"لارنىلا) مۇزىكا ھىساپلاپ، خەلق مۇزىكىلىرىغا بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرى ئىچىدە ئەسىرلەردىن بۇيان ئىجات قىلىنىپ، رەتلىنىپ، يۇرۇشلەشتۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان چوڭ نەغمىلەرگە (كەڭ مەنىدىكى "مۇقام"لارغا) پۈتۈنلەي ئېتىۋارسىز قارىغان، شۇڭا پەقەت شۇ چاچما ئۇدارلىق يەككە نەغمىلەرنىڭ ئىجاتچىلىرىنى تەتقىق قىلىش بىلەنلا بولۇپ، خەلق مۇزىكىلىرىنىڭ، يۇرۇشلەشتۇرۇلگەن چوڭ نەغمىلەرنىڭ ئاساسىي ئىجاتچىسى بولغان خەلق ئاممىسىنى،

خەلق مۇزىكىچىلىرىنى نەزەرگە ئالمىغان؛ بىرمۇنچە جايلاردا ئاساسسىز ھەتتا ئەپسانىلەشتۈرۈلگەن رىۋايەتلەرنى ھەقىقى پاكىت سۈپىتىدە ئۆز ئەسىرىگە كىرگۈزگەن، مەسىلەن، نەينىڭ كەشپ قىلىنىشىنى جەمشىتنىڭ خوتۇنى مەلىكە دىلسۇزغا، داپنىڭ كەشپ قىلىنىشىنى دىۋىلەرگە باغلاپ قويغان؛ مەۋلانە ساھىپ بەلخىنىڭ تەمبۇر چېلىشتىكى يۈكسەك ماھارىتىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن مەۋلانە ساھىپ بەلخى بابۇرشاھنىڭ كابۇل شەھىرىدىكى بىر باغدا ئۆتكۈزگەن شاھانە ئولتۇرۇشىدا تەمبۇر چالغاندا بىر بۇلبۇل ئۇچۇپ كېلىپ تەمبۇرنىڭ قۇلىقىغا قونغانلىقىنى ۋە ئۆزىنى بىرنەچچە قېتىم تەمبۇرغا ئۇرۇپ ئۆلگەنلىكىنى، بۇ ھالنى كۆرۈپ ئولتۇرۇشتىكىلەرنىڭ ھەممىسى ھوشسىزلىنىپ كەتكەنلىكىنى يازغان؛ كوپچىلىك ئىسلام تارىخچىلىرىغا ئوخشاش، موجىزىمۇ ئىنسانىيەتنىڭ پەيدا بولۇشىنى نوھ ۋە ئۇنىڭ ھام، سام، يافەس ناملىق ئوغۇللىرى توغرىسىدىكى يەھۇدى-خرىستىيان دىنى رىۋايەتلىرىگە تاقاپ، مۇزىكىنىڭ پەيدا بولۇشىنىمۇ شۇلار بىلەن باغلىغان؛ بەزى يەر ئىسمى ۋە يىلنامىلەرنى خاتا قىلىپ قويغان، ۋاھاكازا.

بىز «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» رىسالىسىنى ئوقۇغان ۋاقتىمىزدا ئۇنىڭغا تەنقىدىي مۇئامىلىدە بولۇپ ئۇنى ئوبدان تەھلىل قىلىشىمىز، شاكىلىنى چىقىرىپ تاشلاپ، مېغىزىنى قوبۇل قىلىشىمىز لازىم.

سەۋىيىمىز چەكلىك بولغانلىقى سەۋەبىدىن بىزنىڭ بۇ ئەسەر ئۈستىدىكى مۇلاھىزىمىز، قوليازمىنىڭ ترانسكرىپسىيىسى، تەرجىمىسى ۋە ئىزاھاتلىرىدا كەمچىلىك، خاتالىقلارنىڭ بولۇشى تەبىي. كىتابخانلارنىڭ بۇ ھەقتىكى تەنقىدىي پىكىرلىرىنى سەمىمى قارشى ئالىمىز.

**ئەنۋەر بايتۇر، خەمىت تومۇر.**

# I

## تېكست

بىسمىللاھىر رەھمانىررەھىم

ئەي، ھىكمەتىڭدىن گۈلگە بىرىپسەن بوي-رەڭ،
بۇلبۇلنى قىلىپ چەمەندە خۇش ئاھەڭ.
سۇنئۇگلە قىلۇر نالە رەبابۇ-تەنبۇر،
دۇتار، سەتار، ئۇد ئىلە قانۇن يەنا چەڭ.

**ئىلاھى**①، شەۋقىڭ چەمەنىدا چەچەكلارنى كۈلدۈرگۈچى سەن، گۈل-غۇنچەلار ئىشقىدا بۇلبۇل، تۇتىلارنى سايراتقۇچى، يىغلاتقۇچى سەن. لەيلى زۇلفىن مەجنۇن كوڭلىغە كەمەند قىلغاندىك، فەرھاد قانىدىن شىرىن لەبىنى رەڭ قىلغانىدىك، ئۇزراغىدار ئوتى ھەرارەتىدىن ۋاموق جىسمىن ئەشك گىردابىدا غەرق قىلغاندىك، زوھرا ئىشقىدا تاھىرنى ساندۇقغە بەند قىلىپ دارىيىغە ئاقىتقاندىك،

---

① بۇ يەردىكى ۋە كېيىنكى بەتلەردىكى قېنىق ھەرپلەر بىلەن يېزىلغان سوزلەر ئەسلى كىتاپتا قىزىل سىيا بىلەن يېزىلغان. — مۇھەررىردىن.

يۇسۇف ھوسنىدىن، زۇلەيخا ئىشقىدىن فەسانە تۈزگەندېك، مېنى ئول نىگار ئىشقىدا گىرىفتار ـ سەرگەردان قىلغايسەن، ئول قۇياش دەۋرىدە بۇ زەررەنى ئاشىقى بىقەرار قىلغايسەن. تاكىم ئانىڭ ئىشقىدە تەنبۇرۇمنى ئالغايمەن، ئانىڭ سوزىن ساغىنغانىدا مۇنى چالغايمەن، گاھى نەۋايى ئەبياتىدىن ھەمد ئىلغاپ، بەئزى لۇتفى ئەشئارىدىن نەئت يادلاپ تەنبۇرۇم سىملەرىگە زەخمەك ئۇرغايمەن، ئول مېھرى نىگارىم شەۋقىدە باغرىم قارا قانىن سىيا قىلىپ ئەزگايمەن، ئانىڭ ئىشقىدا چول بەيابانىنى كەزگايمەن. ئەبياتلار سىڭىلىق ھەمدىڭدا، ئەشئارلار ھەبىبىڭ نەئتىدا يازغايمەن.

## مۇناجات

مەقسۇد سەنسەن ئەي خۇدا،
مەئبۇد سەنسەن ئەي خۇدا.
مەسجۇد سەنسەن ئەي خۇدا،
سەنسەن ماڭا فەريادىرەس.
ئاسى قۇلۇڭدۇرمەن فەقىر،
جافى قۇلۇڭدۇرمەن ھەقىر،
غەم ئىلكىدە بولدۇم ئەسىر،
سەنسەن ماڭا فەريادىرەس.
ئەي رازەتى ھەييە قەدىم،
كەچۈرگۈچىسەن ئەي رەھىم،
ھاجەت راۋا قىل ئەي كەرىم،

سەنسەن مەڭا فەريادىرەس.
ئىشقىڭنى دىلغە قىل ئەتا،
چالغۇم سەتار بىرلە دۇتا،
ئەفۇ ئەيلە مەندە بار خەتا،
سەنسەن مەڭا فەريادىرەس.
مۇئجىز ئاشقى بىقەرار،
يالباردى سەنگە بىرۇبار،
رەھمىڭغە ئەتدىم ئىنتىزار،
سەنسەن مەڭا فەريادىرەس.

ئەلھەمدۇلىللاھى رەببىل ئالەمىن ۋەسسالاۋاتۇ ۋەسسالامۇ ئەلا-ھىسسەيىدىل مۇرسەلىنى ۋەئلاھۇ ۋەسەھبە ئەجمەئىن.

**ئەمما بەئدۇ،** ئەدالەت كەشۋەرىنىڭ شەھىنشاھى ۋە سەخاۋەت شەبىستانىنىڭ تولۇن ماھى، ئاسالەت چەمەنىنىڭ سەرۋى رەئناسى، سىيادەت بەھرىنىڭ گەۋھەرى يەكتاسى، غەرىپ-يېتىملەر ئاتاسى، فۇقىرا مىسكىنلەر رەھنەماسى، جەمشىد سەۋلەت، سۇلەيمان دەۋلەت، يولبارس خەشىم، ئىسكەندەر ھەشەم، خاقان سورەت، دەرۋىش سىرەت، چىراغى ۋەتەن، شاھى خوتەن ئەلى شىر ھەكىم بېگىم ھەزرەتلارى قۇياشىدىن بۇ كەمىنە كەمتەرىن، غەرىپ بىچارە، فىراق دەشتىدە ئاۋارە، غەم ئىلكىدە ئەسىر، بارچە ئادەمدىن قەسىر **يەئنى مولىلا ئەسمەتۇللا بىننى موللانىئمەتۇللا مۇئجىزگە** بىرلەمئە شۇئلە تۇشۇپ، بۇ زەررەنى فەلەك قۇياشىدىن ئۇتكۇزۇپ، ئانداغ يارلىق قىلدىلاركىم، "مۇسىقى تەرەننۇمىكى، مۇۋجىپ سۇرۇر ۋە بائىسى ئەيش ھوزۇردۇركىم، پادىشادىن گۇداغىچە،

ئەۋلىيادىن تەرساغىچە ھەممە ئىنسان بۇ فەندىن شادمان بولۇرلار، ئەمما كۆپ مۇغەننىلارغە ھونۇز نامەئلۇمدۇركىم، بۇ فەننىڭ ساھىبى ۋۇقۇف بەلكى ساھىبى كەشۇفلارى كىملاردۇر، مۇجتەھىد ساھىبى ئىرشادلارى كىملاردۇر، ئۇستادلارى كىملاردۇر (؟) سەنكىم كەسبىڭ ھەم مۇسىقىدۇر ھەم ئەبيات مەملىكەتىنىڭ بۇلبۇلۋار سۇلتانى، ئەدەبىيات مۇلكىنىڭ تۇتى شىرىن لىسانىدۇرسەن ھەم خۇش پۇتكۇچى ھەم دىلكەش ئەيتقۇچى سەندۇرسەن، نە بولغايكى، ئۇشبۇ غەرىپ فەننىڭ ساھىبى كەشۇفلارى تارىخىدىن بىر رىسالە پۇتۇپ، سايىر مۇغەننىلەرغە يادكار قويساڭ" دىپ ئەمرى قىلدىلار. بۇ غەرىپ مورغە گويا تاغ يۈكلاندى، بۇ زەئىف خورغە گويا ئاسمان يىقىلدى. نەبۇ ئەمرى ئەزىم ئىشتىغالىغە قۇۋۋەت، نە ئۇزرە ئىستىئغاغە قۇدرەت! دەريايى ھەيرەتتە مۇستەغەرق ۋە مۇستەھلىك بولۇپ، بۇ ئايەتنى كەرىمكىم، "قۇل ئەتىئۇللاھە ۋە ئەتىئۇۋەررەسۇل ۋە ئۇلۇۋەلە ئەلئەمرىمىنكۇم". مەزمۇنى: خاتىرىمغە تۇشتى، بۇ ئەمرى ۋاجىبات تەركىن قىلۇرغە چارە تەپالمىدىم. تەۋەككۇلنى تەگرىمغە قىلىپ، بۇ ئەمرى ئالىنى بەجا كەلتۇرۇش ئۇچۇن مۇناسىپ تارىخ-تەزكىرەلارنى جەمئى قىلىپ، تارىخى رەشىدى، تەۋارىخى تەبرى، تەۋارىخى رەۋزەتۇسسەفا، تەۋارىخى ھوكەما، تەۋارىخى ئەجەم، تەۋارىخى ئەرەبلاردىن ئىنتىخاپ قىلدىم ھەم خاس ئالىم مۇسىقى ئۇستازلارىدىن فىساغۇرس، فارابى، پەھلىۋان مۇھەممەد كۇشتىنگىر، ئەمىر نىزامىددىن ئەلى شىر نەۋايى مۇرشىدىمىنىڭ بۇ فەن ھەققىدە پۇتكان كۇتۇپ-رىسايىللارىدىن بەھرىمەند بولدۇم. ئاخىر قۇدرەتىمگە لايىق، ئىستىئدادىمغا مۇۋافىق بۇ رىسالەنى پۇتتۇم، ئالەم ئەھلىغە سەۋغا تۇتتۇم. بۇ رىسالەغە تەۋارىخى مۇسىقىيۇن ئات قويدۇم.

ئۇلۇغۋارلىق بىلەن سىغارۋەكىبار نوغەتنىلەرغە، خاس ئاملارغە بەلكى شاھ ۋەكۇدالار زەمىرلارىغە نامەئلۇم قالمىغايىكى، تارىخى رەۋزەتۇسسەفا ۋە رەشىدىدا ئانداغ كەلتۇرۇپدۇركىم، يافەس بىننى نوھ ئەلەيھىسسەلامنىڭ تۇرك ناملىق بىر ئوغلى بار ئىردى، بۇنىڭغە خۇدايتەئالا بىر ئوغۇل كەرامەت قىلدى، ئىسمىنى خەرىز قويدى. بۇ ئوغۇل چوڭ بولغاندا تۇلكە تۇتۇپ پوستىدا ئىگىن كەيماكنى، تەئامىنى تۇز بىلەن ھەل قىلماقنى، تەنبۇر، بەربەت، ئۇددىلارنى ياساپ چالماقنى كەشف قىلىپ ئالەم خەلقىغە ئۆرگەتتىلار. ئول زەماندا ئاتا-ئاناسى، بالالارى ئولگەندە مۇسىبەت ماتەمىدە تەنبۇر چېلىپ يىغلاپ ئولۇكنى كويدۇرۇش رەسمى بار ئىردى. خەرىز يافەس ئەلەيھىسسەلامنىڭ نەبىرەسى ئىدى، ياركەند، خوتەن دىيار-لارىنى ئابادىغا ئانىڭ ئەۋلادى يەتكۈزگان، ياركەند، خوتەن ئەھلى ئانىڭ ئەۋلادلارىدىندۇرمىز. ئول زەماندىن بۇ زەمانغەچە بەش مىڭ سەككىز يۈز ئەللىگ يىل ئوتكەندۇر. تەنبۇرغە قوي، ئەچكۈنىڭ ئۈچەي، فەيلەرىنى ئىشىپ زەي قىلىپ تار سالۇر ئىردى.

**مۇسىقى ئىلمىنىڭ ئىككىنچى پىرى فىساغۇرسدۇركىم**، بۇ كىشى شەھرى سۇررىدىن ئىردى، سەياھەتچىلىككە كوپ مايىل ئىردى. خەلقنى ئىلىم-ئەمەلغە، ياخشى فەزىلەتغە ئىنداغۇچى، يەمان ئىشلاردىن ياندۇرغۇچى ئىردى. ھەرگىز سەۋابدىن ئومىد تۇتماس ۋە گۇنەھدىن قورقماس ئىردى، ئەمما سەۋاپ-ئىقابقە قايىل ئىردى، شەھەر-شەھەر يۈرۈپ ئىلىم ئۆرگانۇر ئىردى. ئانىڭ شاد بولغىنىنى كىشى بىلماس ئىردى، بىدماغ بولغانىنى ھەم كىشى بىلماس ئىردى. ئول كىشىگە مال-مەنال دوست-دۇشمەن ئاراسىدادۇر، دىدى. ئول ئىردى، ھەر ۋەقتى ھەرجايىدا بۇ بار يەردە خەلايىقغە مۇھىمى

پىش كەلسە، خەلايىق كېلىپ مۇڭگىدىن مەسلەھەت-مەشۇرەت سورار ئىردى. ئەنتاكيە شەھرىكى، ھازىر فەرەنگستاندۇر. بىرسىپ ئۇزى كەشىف قىلغان سەتارىنى چېلىپ شېئىر ئوقۇدى. شېئىرنىڭ مەزمۇنى بۇ ئىردىكىم، سەن ئۇززۇڭنى تۇزلىماي تۇرۇپ كىشىگە نەسىھەت قىلما، ئەيىبىڭنى سەڭا كورسەتكان كىشىنى دوست بىلىپ ئەزىز تۇت، چىرايلىق لىباس كىيىپ يۇرگۇچە چىرايلىق سوز قىلىپ يۇرۇشنى ئۇرگانگىل. ياخشى سوزنى ئەيتۇرغە قۇدرەتىڭ بولماسا، ياخشى سوزنى ئەيتقۇچىدىن ئۇرگانگىل، ئىلىم ئۇرگانىشدىن نومۇس قىلما، ئىلىمسىزلىكدىن نومۇس قىل. ھەيۋان تىلسىزلىقدىن جەفا-مۇشەققەتغە ئۇچرار، ئىنسان تىلىدىن بەلا-مۇسىبەتكە ئۇچرار دىگان مەزمۇن ئىردى. چۇن ئەنتاكيە شەھرىدە ئاڭاغەچە شېئىر-ئەبىيات يوق ئىردى ھەم مۇسىقىدىن نىشان يوق ئىردى. يىگرمە بەش ياشلىق بىر يىگىت غەرىپ سوزلەپ، ئەجايىپ چالمىقىدىن خەلايىق ھوززۇرلىنىپ ئارقاسىغە كىرىپ ئالدى. خەلايىقغە ئول نەسىھەت، ھىكمەت سوزلەردىن تىزىپ شېئىر ئوقۇپ سەتارىنى چالۇر ئىردى. بۇ ۋاقىئە پادىشاغە ئاڭلاندى. پادىشا ئەركانى دەۋلەت بىلان ئۇز-لارى چىقىپ بۇ ھالنى كورۇپ ھەيرەت ئىلكىنى تەئەججۇپ دەندا-نىدا تىشلاپ ئورداغە تەكلىف قىلىپ ئالىپ كەتتى. ئانىڭسىز شاھ تەئام تارتماس، ئۇيۇماس بولدى. فەرزەندىم دىيىپ ئاتادى. مۇسىقى ئىلمىنى نەشىر قىلىشقا جاي راستلاپ، ئەنتاكيە خەلقىنى بۇ ئىلمىنى ئۇرگۇنۇشقە بۇيرۇغ قىلدى. ئون يىل ئىچىدا قىرىق مىڭ شاگىرت مۇسىقى فەنىدا مۇكەممەل بولدى. فىساغۇرس پادى-شادىن رۇخسەت تىلاپ ھىندۇستانغە كېلىپ ئىلمى نۇجۇم ئۇرگان-دى، ھىندۇستان خەلقى فىساغۇرستىن مۇسىقى ئۇرگاندى. جەمشىد،

كەيقباد پادىشاھلارىدىن كېيىن ئالەمگە ئىلمى مۇسىقىنىڭ ئۇرۇغىنى تېرىغان دانا ھەكىم فىساغۇرس ھەكىمدۇر. ھىندۇستاندىن يېنىپ مىسرغە بېرىپ كاھىنلاردىن ئىلمى كەھانەت بىلەن ئۈچ قىسىم خەت ئۆرگەندى. ئاخىر دۇنياغە فانىدىن سەرايى باقىنىڭ ئىقامەت رەختىن باغلاردا بەش يۈز شاگىردى بار ئىردى. پىشقەدەم تالىبلاردىن بىرى سورادىكىم، بىز قانداق ئىش قىلىمىز دېپ. ئول ئايدىكىم خەلايىقغە نەفئى يوق سوز ۋە ئىشنى قىلمىغايسىزلار، دېپ كوز يۇمدى. ۋەفاتى ھەزرەتى ئىسكەندەرنىڭ ۋەفاتىدىن بىر يىل كېيىندۇر. توقسان ئۈچ يىل ئۆمۈر كوردى، ئىش قىلالماغان ئىشنى قىلىشنى، مۇھتاجلارغە سەخاۋەت قىلىشنى ياخشى كورەر ئىردىلار.

- ئۈچىنچىسى پىرى ئالتاينىڭ بەلاساغۇن دىگان نەۋاھىسىدە ئۆتكان مەۋلىنا (مەۋلانە) شەيخ ئەبۇ نەسىر فارابىدۇر. بۇ ئەزىز ھەزرەتى ئىمام مۇھەممەد غەززالى، ھەزرەتى ئىمام فەخرى رازىلار-دىن كەمالات، ئۇلۇمى دىنىدە فايىق، فۇنۇن ئۇلۇملارىدە ئىبنى سىنادىن ئۈستۈن ئىردىلاركىم، بۇ ئەزىز بىلمەيدۇرغان نە ئۇلۇمى شەرىئەت، نە ئۇلۇمى تەرىقەت، نە تەفسىر، نە ھەدىس، نە تىببى، نە فەلسەفە، نە ئەقايىد، نە ئەشئار-ئەبيات، ھەتتا شەترەنج، نەرد-غەچە بىلمەيدۇرغىنى يوق ئىدى. ئول جۇملەدىن بىرى ئىلمى مۇسىقى ئىردىكى، بۇ فەندە كوپ مەھارەتى بار ئىردى. قانۇننى ئوز قوللارى بىلەن ياساپ سىم تارتىپ تۈزۈپ چالغان ۋە مۇغەننى شاگىردلارىغە ئورگاتكان ئىردى. راك، ئۇشاق ۋە ئۇشاقنىڭ مەرغۇلەلارىنى ئىجاد ۋە كەشق قىلىپ ئالەمگە يايغان، شاگىردلارىگە تەئلىم قىلغان ئىردى. ئۇزھال مۇقامىكى، ئەلھال بارچە مۇغەننىلارغە مەئلۇمدۇر، بىرىنجى، ئىككىنجى، ئۈچۈنجى مەرغولەلارىغىچە كەشق

قىلغان ئىردىلار. رىسالەئى مۇغەننىيۇن دىگان كىتابىدا ئەيتىب ئىردىكى، سەماﯓ نەغماتىنىڭ تىلسىز مۇڭلارى ئىنسانىنىڭ روھىغە مەئنەۋى ئوتنى تۇتاشتۇرغۇچى ئامىلدۇر، ئەگەر ئۇنىڭغا ئەشئار-ئەبيات قوشۇلسا، ئول مۇڭنىڭ سىرى نىمە ئىكانلىكى ئاڭلانۇر، دەپدۇرلار ۋە يەنە ئەيتىپدۇركى، يۈز يىل ئىبادەت قىلىب ئالالمىغان فەيزنى مىنىڭ قانۇنۇمنىڭ سىملارىدىن ئالغايسىزلار. بۇ ئەزىز ھەر قىسىم ئىلىملار خۇسۇسىدا بىر يۈز ئون تورت فارچە كىتاپ تەسنىق قىلىپدۇرلار. بۇ كىتاپلارنىڭ بىرى رىسالەئى مۇغەننىيۇندۇر، ھالا ئەرەبچەدۇر. فەقىر مەزكور رىسالەنى تەمام قىلىپ بولۇپ، قۇۋۋەتىمىنىڭ بارىچە، ۋەقتىنىڭ بارىچە رىسالەئى مۇغەننىيۇن ئاتلىغ كىتاپنى تۈركچە تىلغە تەرجىمە قىلماقنى نىيەت قىلىپدۇرمەن، ئىنشائى ئاللا.

**بۇفەن تورتىنچى دەرەجە پىرى** مەۋلانە ئەلى ھەزرەتلارىدۇر-كىم، خوراسانىنىڭ شابۇك دىگان نەۋاھىسىدىن ئىردى. بۇ فەندە ئەسرىنىڭ بىبەدەلى ئىردى. ئەلاھەدە بۇ فەن توغرىسىدىن ئەسلۇل-ۋەسىل ئاتلىغ بىر كىتاپ تەسنىق قىلدىلار، كىيىن بۇ ئەزىز مۇرتاز ئاتلىغ يەنا بىر كىتاپ تەسنىق قىلدىلار. چول ئىراق مۇقامىكىم، فىئەلھال مۇغەننىلار ئىچرە مەشھۇردۇر. ھەج سەفەرىگە بارغاندا ئىراق چولىدىن ئوتۇپ كىتىپ بارىپ ئىجاد قىلىپ چول ئىراق ئات قويدىلار. دۇتارنى ھەم كەشىق قىلدىلار، ھەم شىىر پۈتۈش ھەم مۇسىقى تەئلىم قىلىشدا ئۆز زەمانەسىنىڭ بىبەدەلى ئىردىلار. مۇندىن باشقا ئىلىملاردىمۇ نەھايەتى ياخشى دەقىق كىتاپلار تەسنىق قىلدىلار. ئاخىرقى ئومرىلارىدە ئەفيۇننى كوپ ئىستىئمال قىلغان سەبەبدىن ئەقلىدىن ئارى بولۇپ ۋەفات بولدىلار.

**بەشىنچى پىرى** خوجە شەھابىددىنىدۇركىم، بۇ فەنىدە فەرىدۇل-

ئەسىر ۋە ھەيدادۋالدەھر ئىردىلار. ئانداغكى، ئىككى يۈزدىن ئارتۇقراق شاگىردلارنى بۇ فەندە مۇكەممەل ۋە ماھىر قىلدىلار. رىسالەلار ھەم پۈتتۈدىلار.

ئالتىنچى پىرى ئابدۇللا مەرۋارىد ھەزرەتلارى سەمەرقەندىن ئىردىلار. بۇ ئەزىز ھەم بۇ فەننىڭ ئۇستادلارىدىن بولۇپ ئىردىلار، كوپ ياخشى رىسالە بۇفەن ھەققىدە پۈتتۈدىلار. يۈزدىن تولاراق شاگىرد چىقاردىلار. ئوز زەمانەلارىدە مەئرۇف مەشھۇر مۇسىقىيۇنلار-دىن بولۇپ ئىردىلار. تارىخىنىڭ سەككىز يۈز سەكسەن بىردا ھىسار ۋىلايەتىدا مەدفۇن بولدىلار.

يەتتىنچى پىرى ھەزرەتى مەۋلانە نۇرىددىن ئابدۇراخمان جامى ئىردىلار. بۇ ئەزىزنىڭ خىسلەت-فەزىلەتلارى نەۋئى-نەۋئى كىتاپلاردە مەشھۇردۇر. فازىلى ئانىڭدىن ئوتمەسكى، ئەمىرنىزامىددىن ئەلى شىر نەۋايىدېك ئالىمغە بەتەمام ئىلىم ۋە ئەمەلدە ئۇستاددۇرلار. نەۋايىدېك زات بۇ كىشىنى ئۇستادىم، مۇرشىدىم دىمەكى بۇ ئەزىزنىڭ تەۋسىف-تەئرىفلارى ئۈچۈن كۇفايەدۇركىم، نەۋايى ھەزرەتلەرى ئوز خەمسەلارىدە بەش جايدا بۇ ئەزىزنى نىمە دىپ تەئرىف قىلىپدۇركىم، كورگايسىزلار، بەس. بۇ ئەزىز ھەممە ئىلمدە ھەزرەتى فارابىدېك ئۇستادگۇل ئىردىلار. شائىر، ئالىم بولغاندىن بەلكى مەجزۇبلىقلارى قۇۋۋەتلىكراق ئىردى، بەس. تەنبۇر، سەتار، قانۇن قاتارلىق بارچە نەغمەنى ئوزلارى قوللارىدە تەرەننۇم قىلىپ ئىردىلار. ئەجەم دىگان بىر مۇقامنى، ئانىڭ ئىككىلە مەرغۇلەلارىنى ئىختىرائ قىلىپ ئىردىلار. كوپ شاگىرد بۇ فەندە مۇكەممەل قىلىپ ئىردىلار. رىسالەئى دەۋۋار ناملىق بىركىتاپ بۇ فەن خوسۇسىدا تەسنىف قىلدىلار. ھەزرەتى ئەلى شىر ئەمىر

ھەزرەتلارى بۇ فەننى ھەم ھەزرەتى جامىدىن تەئلىم ئالدىلار. ھەزرەتى جامى يەتمىش توققۇز ياشلارىدا تارىخنىڭ سەككىز يۈز توقسان سەككىزىدە خۇراساننىڭ ھىرات شەھرىدە ۋەفات بولدىلار.

**سەككىزىنجى پىرى** ھەزرەتى ئەمىر نىزامىددىن ئەلى شىر نەۋايىدۇر. بۇ ئەزىزنىڭ ئومۇم فەزىل-شەرافەتلارى ئۇزلارى پۈتكان شېئىر-كىتاپلارىدىن مەئلۇمدۇر. كۇللىيات، چەھاردىۋانلارى، خەمسەلارى، بۇلاردىن باشقا ئىلگىرى-كېيىن، كوپ-ئاز بولۇپ پۈتكان ئوتتۇز ئالتە فارچە كىتاپلارىدىن فەقىر بەھرىمەند بولۇپ، ئۇزلارىدىكى خىسلەت ۋە ئىشقى مۇھەببەتلارىنى مەئلۇم قىلدىم. بۇ يوسۇنلۇغ شەرىق ئىلمىلارىنىڭ ئۈستىگە فىر-ئۇستادلارى ھەزرەتى جامىدىن مۇسىقى فەننىنى خوپ ئورگاندىلار. ھەركىچە-ھەركىچە سەتار، تەنبۇرلارىنى چېلىپ، ئۇزلارى ئەيتقان غەزەللار بىلان ھەمد ئەيتىپ بىھۇش بولۇر ئىردىلار. نەۋا دىگان بىر مۇقامنى ئىختىراى قىلىپ ئالەمگە شايى بولدىلار. بۇ ئەزىز تارىخنىڭ سەككىز يۈز قىرىق ئۈچىنچى يىلى جەمادىسسانىدا دۇنياغە كېلىپ، ئاتمىش ئۈچ يىل ئومرى كورۇپ، ئاتمىش ئۈچ فارچە كىتاپ پۈتۈپ، تارىخنىڭ توققۇز يۈز ئالتىنجى يىلى ھىرات شەھرىدە سەكتە كەسەلى بىلان ۋەفات بولۇپ كەتتىلار.

**توققۇزىنجى پىرى** ئۇستاد مۇھەممەد خۇارەزمىدۇركىم، ئۇز ئەسرىدە مۇسىقى فەننىدە كوپ ئىھتىمام-مەھارەت مالا-كەلام كىرگۈزدىلار. ئىككى يۈزدىن كوپراق شاگىردلارىنى ئۇستاد كامىل قىلدىلار. بۇ فەننىڭ دەقىق سىرلارى ھەققىدە رىسالە تەسنىف قىلدىلار. تارىخنىڭ سەككىز يۈز ئەللىك ئىككىدە ۋەفات بولدىلار.

**ئونىنجى پىرى** مەۋلانە نەئمان سەمەرقەندىدۇركىم، بۇ ئەزىز

ھەفاز قارى ئىردى. بەش يۈز كىشى مۇرەتتىپ قۇرئان ياد ئالغان ئىردى. ھەم خۇش ئەيتقۇچى ۋە ھەم دىلكەش چالغۇچى ئىردى. ئالىملار سوھبەتىدە، مەشايىخلار مەجلىسىدە تەرەننۇم قىلۇر ئىردى. بىركۈنى سەمەرقەند ئالىملارى مەجلىسىدە مەۋلانە شەمسىددىن تەبرىزىنىڭ غەزەللەرىغە سەتارىنى ناخۇنلىدى. ئالىملار بىكبار باشى توبەن يىقىلىپ تۇشۇپ، ئىستىغراق ئەھۋاللار يۈزلاندى، ئوندىن ئارتۇق كىشى بىھۇش بولدى. مەۋلانە ئەلى ھەزرەتلەرى بىھۇش بولغانچە مەجلىسدە ئالەمدىن كەتتى. بۇ خەبەر مەشھۇر بولدى. پادىشاھ ئاڭلاپ بۇ ئەزىزنى زىندانغە ھوكۇم قىلدى، بەش يىل زىنداندا قالىپ تارىخنىڭ سەككىز يۈز ئاتمىش بەشى ۋەفات بولدىلار. بۇ ئەزىزنىڭ تەربىيەتىدا ئۈچ يۈزدىن ئارتۇق مۇغەننى مۇسىقى فەننىدە بەركەمال بولغان ئىردى. بىرنەچە يۈز كىشى ئىلمى شەرىئەتتە ئالىم بولغان ئىردى، بىرنەچە مىڭ سوفىلارى بار ئىردى، تەرىقەتى چەشتىيە مەشايىخلارىدىن ئىردى. مۇسىقىنىڭ تەرىقەت ئەھلىغە بەخشىش قىلدۇرغان نەتىجەلارى بارەسىدا مىئراجۇسسالىكىن ناملىق بىركىتاپ تەسنىف قىلىپ ئىردىلار.

ئون بىرىنچى پىرى مەۋلانە ساھىپ بەلخى ھەزرەتلارىدۇركىم، بۇ ئەزىز مۇدەررىس ئىردىلەر، بەش-ئالتە يۈز تالىبلارى ئىلمى شەرىئەتتە ساھىبى كەمال ئىردى. تەنبۇرنى سىھرى ئافرىن بىر تەرزىدە سوزلىتۇر ئىردى. بابرشاھ بىرنەفەس ئايرىلماس ئىردى. مۇدەررىسلىك مەسكەنىدىن مەئزۇل بولۇپ، زاھىرىددىن بابرنىڭ ھوزۇرىدا قالدى. بىركۈنى كابىل شەھرىدە بىر باغدا شاھانە مەجلىس ئاراستە قىلدىلار، ئاكابىر-ئەشراف، ئەمىرا-ۋەزىرا، ئولىما-ئەۋلىيا ھەممەسى ھازىر بولدىلار. ئالۋان-ئالۋان تەئاملارنى تارتىپ دەستۇرخۋاننى

يىغىپ بولغانـدا بابرشاھ مۇسـىقىغە ئىـشارەت قىلىپ ئىردىـلار، بۇ ئەزىز تەنبۇرىنى قوللارىغە ئالىپ، چول ئىراق مۇقامىغە نەۋازىشـىغە كەلتۇردى. ئىككىنجى ئەۋجىدىن ئۇتۇپ ئۇچۇنجى ئەۋجىغە يەتكاندە بىر بۇلبۇل كېلىپ، تەنـبۇرنىڭ قۇلاقىغە لەھـزە قونۇپ سايـراشقا باشلادى. مەجلىس ئەھلى چۇقان ئەلالا قوفاردى ۋە يىغلاپ نەچەند كىشى بىھۇش يۇمۇلىنۇر ئىردى. بۇلبۇل سايىراپ ياراقـىدىن ئۇچۇپ كېلىپ ئوزىنى تەنبۇرغە ئۇرار ئىردى. يەتتە ـ سەككىز مەررە ئوزىنى تەنبۇرغە ئاتقانـىدىن كېيىن بۇلـبۇل يەرگە تۇشۇپ ئولۇپ كەتـتى. فەيز كەسرەتىدىن مەۋلانە تەببۇرنى تاشلاپ يىغلاپ بىھۇش بولدى. سائەتىدىن كېيىن بىھۇشلارغا گۇلابلار سېپىلادى، شەرابى سۇرۇرلار ئىچۇرۇلدى، بىھۇشلار ھۇشىغە كەلدى، ئەمما مەۋلانە ساھىپ بەلخى ھۇشىغە كەلمىدى، ھەكىملار ھەرقانچە چارە ـ تەدبىر قىلىشتى، فايدا بولمـىدى. تارىخـىنىڭ سەكـكىز يۈز قـىرىق تورتى ئىردى، مەۋلانە ئالەمدىن كەتتى. بابرشاھ تەسنىف قىلغان ئەسرارى مۇسقى ئاتلىغ رىسالەدە بۇ قىسـسە ئەلاھەدە مۇفەسسەل باردۇر.

**ئون ئىككىنجى پىرى** شەيـخ سەفايـى سەمەرقەنـدى ھەزرەتلا ـ رىـدۇركىم، بۇ ئەزىز بىلـمەيـدۇرغان مۇقام ئاھەڭـلارى، بۇ ئەزىز چالمايدۇرغان ئەسبابى نەغمات يوق دىـيە بولغاي ئىردى. ئىككى يۈزدىـن ئارتۇق شاگـىردلارى بۇ فەنـدە ماھىر بولـدى. ئوزلارى نەشائەتى مۇسقى ئاتلىغ بىر رىسالە تەسنىف قىلدىلار. نەچەند قىسىم نەقش ـ غەزەللەر ئىختىراۋ قىلدى. تارىخـىنىڭ سەكـكىز يۈز ئاتمىش توققۇزدا ئەلـلىگ ئالـتە ياشـلارىـدا فالەج كەسەلـى بىلان ۋەفات بولدى.

**ئون ئۇچۇنجى پىرى** قىدىرخان ياركەندىدۇركىم، بۇ ئەزىزدىك

بۇ فەندە مەھارەت كورسەتكان ئۇستاد ئازدۇر. بۇ ئەزىز كوپراق ئەمىرنىزامىددىن ئەلى شىر نەۋايى ھەزرەتلارىنىڭ غەزەلىياتلارىدىن ئوقۇر ئىردى، ئالىم ئوتۇپ مۇنگدەك خۇش ئاۋاز كىشى كەلمايدۇر ئىردى. ئىراقدىن، ئىراندىن، تەبرىزدىن، خۇارەزمى، سەمەرقەند، ئەندىجان، ئىسلامبۇل، كەشمىر، بەلخ، شىراز قاتارلىق ياراق شەھەرلەردىن مۇسىقى ئورگانىگالى كەلگان شاگىردلارى بار ئىردى. رەبابنى، ھەشتتارنى بۇ ئەزىز كەشف قىلدى ھەم شائىر ئىدى. دىۋانى قىدىرنى بۇ كىشى تەسنىف قىلدى. يەنا نازۇك نۇكتەلار مۇسىقى فەنى بارەسىدە رىسالەلارىگە دەرج قىلدى. چەندە-كۆلا كىيىپ يۇرۇر ئىردى. سولتان ئابدۇررەشىدخانكىم، مەئرۇف مەشھۇر-دۇر، قىدىرخانىسىز تەئام-شەراب تارتماس، ئۇيقۇغە بارماس ئەردى. قىدىرخان ۋىسال ئاتلىغ بىرمۇقامنى ئىختىرائ قىلىپ شاگىرد-لارىغە ئورگاتتى، ئابدۇررەشىدخان پادشادىن ئىككى يىلدىن كېيىن ئالەمدىن كەتتىلار.

ئون تورتىنجى پىرى ھەزرەتى پەھلىۋان مۇھەممەد كوشتىنگىر-دۇر. بۇ كىشىغە خۇدايتەئالا شۇنداغ بىر قابىلىيەت ئوز فەزلى كەرىمىدىن ئەتا قىلىپ ئىردىكى، ھەم ئۇلۇغ ئولىمائى ھەم قۇتۇبۇل-ئەۋلىيا ھەم پەھلىۋان زەبەردەستكىم، مىڭ يىللار ئوتۇپ مۇنگدىك پەھلىۋان كەلمەگان، ھەم شائىر ھەم مۇغەننى ھەم ئەغنىيائى، ئەلا-ھەزەلقىياس بۇنگدىك خۇش خۇلق، خۇشگۇي كىشى يوق ئىردى. يوقىرىدا ئىسمى زىكىر بولغان ئۇلۇغ ئۇستادلار مۇقابەلەسىدا مۇسىقى فەنى بارەسىدا ئەسەرلار پۈتۈدى، ئىشلار ياسىدى، تۇرلۇك-تۇرلۇك نەقشلار، قەۋللار، ئاھەڭلار ئىجاد قىلدى. ئوزلارى ياسغان مۇقام ئەمەللارىنىڭ بىرى چەھارزەربدۇركىم، ھەممە ئۇستادلارىنىڭ

ئەمەللارىدىن خۇشراق ۋە دىلكەشراق بولۇپ فات شوھرەت تۇتتى. مەشھۇر ئىجادى مۇقاملارىدىن بىرى چەھارزەرب، بىرى چەھارگاھ مۇقامى ئىردى. چەھارگاھىنى مەۋلانە تۇتى ئەلەيھىررەھمەنىڭ ئۇشبۇ غەزەللەرىغە باغلاپ ئىردى (مەتلەئ):

ساقىيا ۋەي رەفتەھەست ئەھۋالى فەردا ناپەدىد
خىشى را ئەمرۇزى خۇش دارىسى فەرداراكى دىد

مىربۇزرۇك تەرمىزى ئاتىغە باغلابدۇركىم، بىغايەت خۇش ئايەند مۇلايىم ئىشدۇر، دەلىل بۇكىم، خوراسان مۇلكىدە ۋە ئىراق، سەمەرقەند ۋە ياركەند ئەھلىدە بۇنى بىلمەس مۇغەننىي يوقتۇر ۋە يەنە بىرى دۇگاھ مۇقامدۇركىم، مىر خىسرو دىھلىۋىنىڭ بۇ شىىرىغە باغلابدۇركىم (شىىر)

ئىي زىنتابى ئارىزەت شەمئى بەھەر كاشانەئى،
ۋى ئەسىرى ھەر خومى زۇلفەت دىلى ۋەيرانەئى.

بۇنى بابىر سۇلتانىنىڭ ئاتىغە باغلاپدۇركى، بىنەھايەت مۇئەسسىر خۇش ئايەندە مۇقام بولۇپدۇر. ۋە يەنە پەنجىگاھ مۇقامىنى ئىجاد قىلىپ ھەزرەتى مەۋلانە كاتىبىنىڭ بۇ شىىرىغە باغلاپ ئىردىلەركىم، ئىشتكان، ئاگلاگان ئادەمىغە ھوزۇر بولۇرلاركىم، ئەجەم، ماۋەرا ئۇننەھرى شەھەرلارىدە مەشھور بولۇپدۇر. مەۋلانە كاتىبىنىڭ ئول شىىرلارىنىڭ مەتلەئى بۇكىم (مەتلەئ):

گەمى كى رەنگى تۇدەر قەتلى ئەھلى دەير بەرئامەد
بەيەك مۇشاھىدە مەقسۇد سەد شەھىد بەرئامەد

بۇ شېىرنى باغلىماقدىن غەرەزلارى بۇ مەقتەئ ئىدىكى (مەقتەئ):

مىسالى كاتىبى ئەرشام غەمى كى سۇبھى ئۇمىد
بەھىن دەۋلەتى سۇلتان ئەبۇسەئىد بەرئامەد

بۇنى سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا ئاتىغە باغلاپ ئىردىكى، نەھايەتدىن تاشقەرى دىلپەزىر ئىش بولۇپ ئالەم خەلقى ئاراسىدا شوھرەت تۇتتى. بۇ ئەزىز بۇلاردىن باشقا تەخى بىھەد ۋە بىئەدەد غەزەل، مۇقاملار، ئاھەڭلار ئىجاد قىلدىلار، مەشھۇرلارى مۇشەۋرەك، بەيادەك ۋە باشقا يۇقاردا زىكىر بولغان چەھاررەزب، دۇگا (دۇگاھ)، سى گاھ، چەھارگاھ، پەنجىگاھلاردۇركىم، مەغرىب-مەشرىق ئاراسىدا مەئرۇفدۇر. ھەممەنى بۇ قىسقا رىسالەغە سىغدۇرماقنىڭ ئورنى يوقتۇر. بۇ ئەزىز ئەۋۋەل بابىر شاھنىڭ ھوزۇرىدا خىزمەت قىلدىلار، كېيىن مىرزا ئەبۇسەئىدنىڭ بارگاھىدا بۈيۈك ئورۇن تۇتتىلار، كېيىن سۇلتان ساھىپ قىران ھۇسەيىن بەھادىرخاننىڭ دەرگاھىدا مۇقەررەب بولدىلار. بۇ ئەزىزنىڭ بىر ئۇلۇغلىقى شۇ يەردىن مەئلۇم بولۇركى، ئەمىر نىزامىددىن ئەلى شىر نەۋايى ھەزرەتلارىدەك بىرئالى جەناپ زات بىلەن قىرىق يىل ھەمسوھبەت دوستلۇق قىلدىلاركىم، ئەگەر بۇ كىشىدە زەررە چاغلىق ئەسقىل تەبىئەتلىك بولسا ئىردى، ئۇلار بۇ ئەزىزنى دوستلۇققە قەبۇل قىلماس ئىردى. بەلكى ئۇلار مەن قىرىق يىل پەھلىۋان مۇھەممەد كوشتىنگىر بىلان

ھەمسوھبەت بولدۇم، بۇ ئەسنادا بىردەبىر ئىشىدا كوڭلۇم مەلۇل-پەرىشان بولغۇدەك ئىش سادىر بولمىدى، بەلكى كۈندىن-كۈنگە دوستلۇق مۇھەببەتىمىز زىيادە بولۇر ئىردى، دىيىپ فىتىپدۇر. مەئلۇمدۇركىم، بۇ ئەزىز نەۋايى ھەزرەتلارىغە ئەخلاق، ئەفئال، ئەقۋاللار خۇش كېلۇر ئىكان. تەئرىف-تەۋسىف مۇندىن ئۇتماسكى، ھەزرەتى نەۋايى ناياب ئۇمۇرلارىنى سەرف قىلىپ بۇ ئەزىزنىڭ تەۋسىفلارىدىن ئۇز قەلەملارى بىلان تارىخ-ھىكايات پۈتۈدىلار. ۋەقتىكى بۇ ئەزىز شېرى مۇئەمما فەنىدا يىگانەئى دەۋران، نادىرى زەمان ئىردى. بۇ فەندە ئەلاھەدە جىلد-جىلد كىتاپلار تەسنىف قىلدى. ئانداغكى، زەمان شوئراسىنىڭ يۈزىنىڭ بىرىدا بۇنداغ شۇئۇر قابىلىيەت يوقتۇركىم، ئەكسەر نەزىم ئەھلى ھەر نوۋ شېر ئەيتسا ئىردى، پەھلىۋانىنىڭ ھوزۇرلارىغە يەتكۇرۇر ۋە ئۇلارنىڭ ئىسلاھ ۋە ئىزاھىن قەبۇل قىلۇر ئىردى. بۇفەندە تەبىئلارى بىغايەت مۇلايىم ئىردى، ئانداغكى بۇ مەتلەئ پەھلىۋانىڭدۇر **(مەتلەئ)**:

گوفتەم ئەش دەر ئالەمى ئىشقى توكارەم باغەم ئەست،

ۋە كوشىگىر تەخەللۇس قىلۇر. ھىراتنىڭ بىر گوزەر گاھىداكىم، توزىت يولىنىڭ بەندەرى ئىردى، ئاندا بىر ئىمارەت ئالى ياسادىلار، بەش مىڭ كىشىلىك ئوي ۋە باغلار مۇھەييا قىلىپ، بۇ لەنگەرىنىڭ ئاتىنى نىئمەتى ئاباد قويدىلار. فەقىرلار، دەرۋىشلار، مۇسافىرلار، يولۇچىلار كېلىپ بىر ئاي-ئىككى ئاي بەلكى بىر يىل-ئىككى يىل شۇ جايدا ئىستىقامەت قىلىپ، ئۈچ ۋەقت، ئۈچ قىسىم ئالى تەئام تارتار ۋە ئۇلاغلارىغە ئارفە-فىچان تەييار ئىردى، كاتتە-كىچىك ھىرات خەلقى

نىئمەتى ئاباددىن تەئام يەر ئىردى، پەقىرلاردىن باشقا بايلار ھەم شەھزادەلار، ۋەزىرلار بەلكى سۇلتان ھۇسەيىن بەھادىرخانغىمۇ ھەر قەچان تەييار بولغان ئاشىدىن ئۈچ ۋەقت يەتكۈزۈلۈر ئىردى. ھەر جايدىن مەشايىخلار، ئۇلىمالار كېلىپ ھەزرەتى پەھلىۋاندىن ئىستىفادە تېپىپ بەش ئون يىل قالۇرلار ئىردى. ھاتەم تەي بۇنىڭدەك سەخى بولماس. ھەزرەتى مەۋلانە جامى بىلان يېقىنلىقى بار ئىردى، تەسەۋۋۇفدا مەخسۇس ئىلتىفاتلار كورگان ئىردى، سۇبھان ئاللا يۈز مىڭ ھەمد، مىڭ-مىڭ سەنا ئول خالىقى بىچۇنغە بولسۇنكىم، بىر قەترە خۇندىن ئافرىدە بولغان بىر بەندەسىگە مۇنچە كەمال ۋە قابىلىيەت ئەتا قىلالۇر، بەس. بۇ ئەزىزنى پادشادىن كۇداغەچە، ئەۋلىيادىن تەرساغەچە دوست تۇتمايدۇرغان كىشى يوق ئىردى. ھەركىم بىلان مۇئامىلە قىلسە، ئول گۇمان قىلۇر ئىردىكى، پەھلىۋاننىڭ مەندىن يېقىنراق دوستى يوقتۇر، بەس. مىڭ-مىڭ كىشى بۇ ئەزىزدا قۇرئان ياد ئالدى، ئىلمى شەرىئەت ئۆرگۈنۈپ ئالىم بولدى. ئىلمى ھەربىدەكىم، سۇلتان ھۇسەيىن بەھادىرخاننىڭ لەشكەر-لارىنىڭ ھەممەسىگە ئۇستاد ئىردى، ھەممە شائىرنىڭ ئۇستادى ئىردى. مۇسىقى فەنىدا خىل-خىل مۇقاملار، مىڭ-مىڭ شاگىردلارنى يادكار قىلدى. تەرىقەتتە نوئ-نوئ مەشايىخ ئەززام، ئەۋلىيايى زەبەردەست كەراملارنىڭ مۇرشىدى ئىردى. دۇنيادا شۇ زەماندا مۇنىڭدېك ئەغنىيا يوق ئىردى. ھۇسەيىن بەھادىرخان مۇنىڭسىز مەجلىس ئاراستە قىلماس، مۇنىڭ مەسلەھەتىسىز ئىش قىلماس ئىردى. ئاخىر بىر كۇنى تەسادۇف بىھۇش بولۇپ يىقىلغانچە ئالەمدىن كەتتى. پادشا ئۆزىدىن تارتىپ كۇداغەچە خۇراسان مەملىكەتى ساھىبى مۇسىبەت بولۇپ، گويا قىيامەت قايىم بولغاندەك بىر ئەھۋالدا

قالـدى. ئۇلارى ھەياتلارىدا قازىپ راستـلاپ قويـغان، ھەركىچـە كىرىپ ئىستىقامەت قىلغان نىئمەتى ئاباددىكى لۇھەدلارىگە تارىخنىڭ سەككىز يۈز توقسان توققۇزىدا دەفن قىلىنـدىلار. ئىنناللـلاھى ۋە ئىننائىلەيھى راجەئۇن.

**ئون بەشىنچى پىرى** ھەزرەتى مەۋلانە لۇتفىدۇر. بۇ ئەزىز شۇبۇ مۇغۇلىستانـدىن ئىردىـلەر. ئالىـملىقـدا ھەزرەتى ئەبۇ نەسىر فارا-بىدىك، ھەكىملىقدا ھەزرەتى ئىبنى سىنادىك، شائىرلىقدا ھەزرەتى ئەمىر نىزامىددىن ئەلى شىر نەۋايىدىك، مۇغەنىنلىقدا تەخى قىدىر-خانـدىك ئىردىـلار. بۇ ئەزىز بىلـمايـدۇرغان ئىـلىم يوق ئىردى. زەماننىڭ ئەللامەسى ئىردىلار. بەش يۈزدىن تولاراق ئالىم ۋە قارىلار شاگىرد بولۇپ ئوقۇدىـلار ۋە ئالىم بولدىـلار. ئىككى يۈزچە كىشى مۇسىقى فەنىدە كەمالات، مەھارات كورسەتتىلار. يىگىرمەدىن ئارتۇق كىتاب تەسنىق قىلدىلار. ھەزرەتى ئەلى شىر نەۋايى ئىلمى فەساھەتدە بۇ ئەزىزنى ئۇستازىم دىر ئىردىلار. ئۇلار ھەزرەتى نەۋايىـنى سەن مىـنىڭ ئۇستازىم دىر ئىردىـلار ۋە مىـنىڭ ئومرۇم ئىچىدە پۈتۈگان ئون مىـڭ مىسـرائ شىـېرىمـدىن سىـنىڭ ئىكـكى مىسرائ شىېـرىڭ ئارتۇق دىر ئىردىـلار. تارىخى ھىجـرىيەنىڭ سەكـكىز يۈز يەتـمىش سەككىزىدە ۋەفات بولۇپ كەتتىلار.

**ئون ئالـتىنچى پىرى** ھەزرەتى يۈسۇپ سەكـكـاكـىدۇركـىم، بۇ ئەزىز ھەم بىـتەمام ئىلمـىدە ھەزرەتى فارابى. ھەزرەتى لۇتفىـدىك ئىردىلار. مىڭ-مىڭ تالىبلارى ئەنۋائ-ئەنۋائ ئىلـمـلارنى ئوگرانۇر ئىردىـلار. مەنـتىق ئىلمـىدە، ئىلمى فەساھەت ۋە ئىلمى بەلاغەتدە ئەسرىنىڭ يەكتاسى ئىردى. ئىلمى ئەشئاردا بۇ مۇغۇلىستاندىن چىق-قان مۇتەفەكـكۇرلارىڭ ھەممەسىدىن فايىق ئىدى. تەلخىس ئاتـلىق

بىر كىتاپ، فەساھەت، بەلاغەت ھەققىدە، خۇسۇسەن قۇرئاننىڭ فەساھەت، بەلاغەتى ھەققىدە ئىجاد قىلدى. مۇسىقى فەنىدە رىسالەلار تەسنىق قىلدى. بەيات نام بىر مۇقامىكى، ھالا مۇغەننىلار ئاراسىدا مەشھۇردۇر، ئىختىراﺋ قىلىپ شاگىردلارىغە ئۆرگەتتىلار.

ئون يەتتىنچى پىرى مەلىكەئى ئامانىساخىنىم ئىردى. بۇ خىنىم سۇلتان ئابدۇررەشىدخان پادىشانىڭ زەۋجەلارى ئىردى. شائىرەئى يىگانەئى دەۋران ئىردى، دىۋانى نەفىسى ئاتلىق شىرىن بىر كىتابىنى تەسنىق قىلىپ ئىردىلار ھەم خەتتاتلىقدا ئۇستادگۇل ئىردى ھەم مۇسىقى فەنىدە ئانداغ ساھىبى كەمال ئىردىكىم، سۇلتان بۇ مەلىكەگە ئاشىقى بىقەرار، شەيدا-شىفتەلىقدا بىئىختىيار ئىردى. سۇلتان بۇ مەلىكەنى ئەقدىغە كىرگۈزۈش ۋاقىئەسى ئانداغدۇركىم، سۇلتان ۋەزرا-ئەمرا لەشكەرلارى بىلان پايى تەخت ياركەنددىن ئاتلانىپ تارىم دەرياسىنى بويلاپ، تەرك مەكان دەشتىگە شىكارغە يۈزلاندىلار. بىرنەچە كۈن ئاندا بولدىلار، كىچەسى سۇلتان دىھقانچە ساددە ئەسكى كىيىملەرنى كىيىپ قونۇچى مۇسافىر سۇرەتىدە بولۇپ سەھرا ياقالارىدىكى ئۆيلاردە غەرىبانە قونار ۋە بۇ رەۋىش بىلان ئەمەلدارلارنىڭ رەئىيەلارغە زۇلۇم-سەتەم قىلغان ئىشلارىنى تەھقىقلەر ئادەتى ئىردى. ۋەقتىكى سۇلتان مەزكور رەۋىشلارىچە بىر خەرابە ئۆيگە قونۇچى سۇرەتىدە بولۇپ، ئەكرەم نام بىر مەھرەمى بىلان كىردى. ئول ئوي مەھمۇد ئاتلىق بىر ئوتانچىنىڭ ئويى ئىردى، بۇ مەلىكە شول مەھمۇدنىڭ ئاجىزەسى ئىردى. سۇلتان قەرايدۇركى، بۇ ئوينىڭ بۇرجەكىدە بىر تەنبۇر بار ئىردى. سۇلتان مەھمۇددىن سوردىكى، تەنبۇرنى چېلىپ بەرگەي. ئول ئايدىكى، مەن تەنبۇر چېلىشنى بىلمەسمەن، ئۇشبۇ قىزىمىز مەڭا تەنبۇر

ئالـــپ بېرىلىڭ دېپ خەفا قىلىپ ئالـدۇردى، قــىزنىم چالــدۇ، دېپ ئېردى. سۇلتان: قىزىڭىز چېلىپ بەرسۇن دېدى. مەھــمۇد قىزىــغە ئەمرى قىلدى. قىز تەنبۇرنى كەلتۇرۇپ پەنجىگاھ مۇقامىغە ئانــداغ چالدىــكىم، سۇلــتان ھەيران قالــدى. تۇرفەراق بۇكىم، قــىز ئۆزى ئەيتقان بۇ شېىرنى مۇقامىغە قوشۇپ ئوقۇپ ئېردىــكىم، سۇلــتان بۇ قىزنىڭ مۇھەببەتىدە ئاشىــقى بىــقەرار ۋە بىــھۇش بولۇپ كەتــتى. شېىرى بۇ ئېردىكىم (مەتلەئ):

سەئا يۈز شۇكۇر يارەب بىزگە ئادىل پادىشاھ قىلـدىڭ،
فەقىر ـ مىسكىنغە ئابدۇررەشىدخاننى پەناھ قىلدىڭ.

ئۇشبۇ غەزەلنىڭ مەقتەئى بۇ نەۋئ باغلىنىپ ئېردىكىم (مەقتەئ):

نەفىسى كېچە ـ كۈندۈز قىل دۇئا تەڭرى تەقدىسىغە،
كى شاھىڭ ھەققىدە قىلماي دۇئا قاتتىغ گۇناھ قىلدىڭ.

غەزەل تەمام بولغاندا سۇلتان ئالدىراپ سورادىكى، نەفىسى دىــگەن شائىركىم، سىز بۇ غەزەلنى قايەردىن ئۆرگۈنۈپ ئېردىڭىز، دىــگەچ، قىز: كىشىنىڭ غەزەلىنىمۇ ياد ئالىپ ئوقۇمدىكەن كىشى، مەن نەۋايى، فۇزۇلى، زەلىلىنىڭ شېىرلارىــدىن ئۆزگەنى ئوقۇمايــمەن، بۇ غەزەل ئۆزۈمنىڭ، نەفىسى مېنىڭ تەخەللۇسۇم، دېدى. نەچە ياشقا كىرگەنىـ لىكىنى سورىدى. ئاتاسى: ئون ئۈچ ياشقە كىردى، دېدى. سۇلتانىـ نىڭ يەنا ھەيرەتى ئارتدى. ئاگاغىــچە ئامانىسا خېنىم قوفۇپ ئۆزى پۈتكەن بىرقانچە ئەبياتلارنى كورسەتــتى، خەتىنىڭ ھوسنى قىزنىڭ

هوسنى بىلان بەھس قىلار ئىردى. پادىشا بۇ خەتــنى بويلە كىچىك نارەسىدە پوتكەنىغە ئىشانگۇسى كەلمەي، قەنى ئەمسە مەن قاراپ تۇراي، شېىر پۇتۇپ بېىقىــلىڭ، دېىگەچ، قىز دۇۋەت، قەلەم، كاغەز كەلتۇرۇپ بۇ بېيتنى پۇتۇدى (مەتلەڭ):

يارەب بۇ بەنــدە قىلــدى ئەجەب سۇئىزەن مەگا،
گويا بۇ ئويگە ئۇندى بۇ ئاخشام تىكەن مەگا.

سۇلــتان كۇلــدى. ئىشەنــدىم، مېــنى ھەجۋى قىلمىـــسلا، دىــدى. مەھرەمى بىــلان تاشقەرى چىقىـــپ، بىز ھــىلى كەلىسەك، دېپ لەش- كەرگــاھــغە بارىــپ ۋەزىر-ئەمىــرلارغە كورگەن ۋاقـــەنى بەيان قىلدى. باشــلارىغە تاج، ئۇســتىلارىغە دەۋاج يافــتى. دەرھال ئون قوي، شايە-ئەتــلەس مۇھەييا قىلىپ، تۇن ھەسسەدە قىرىق كىــشى مەھمۇدنىڭ ئويىگە بارىپ، مەقسەدنى بەيان قىلىــپ، پادىشا ئوزىنى ئاشــكارە قىلىــپ، توي قىلىــپ قىزنى نىكاھىغە ئالدىنــلار. يىگىرمە يىل فادىشانىڭ نىــكاھىــدا تۇردى. بۇ قىزغە خۇدايــتەئالا ئانــداغ ئەقىل-فەراسەت ئەتا قىلىپ ئىردىــكى، تەئرىفــدىن مۇستەغنىــدۇر. دىۋانى نەفىــسنى تەسنىف قىلدى، ئەخلاقى جەملە ئاتلىق بىر كىتاب- كىم، مەزلۇملارغە نەسىھەتــدۇر، تەســنىف قىلــدى. شورۇھۇلقۇلۇپ ئاتلىغ بىر رىسالە تەسنىف قىلدى. شائىرلىق، مۇغەننىلىك، خەتتاتلىق توغرىســىدا بۇنىڭدېك مۇفىد كىتاپ ئازدۇر. ئىشرەت ئەنگىز ناملىغ بىر مۇقام ھەم بۇ مەلىكەنىڭ ئىختىرائاتلارى ئەردى. سۇلتان كەمالى غەيرەت يۇزىدىن ئوز ئاتىغە نىسبەت بېرىپ مۇغەننىلارغە ئورگەتتى- لار. بۇ مەلىــكە ئوتتۇز تورت ياشلارىدا تۇغۇتــدا ئالەمدىن كەتتى،

دېيدۇرلار. بۇ مەلىكە ئالەمدىن كەتكاندىن سوڭرە سۇلتان گويا ئۆزىنى ئۆلتۈرەر بىر شورىدە ھالەتكە يېتىپ، سەۋداۋى بىر ئىللەت ئارز بولدى، ئاخىر سۇلتان يىغلاپ ئالەمدىن ئۆتتى، دېيدۇرلار. بۇلاردىن كېيىن يەنا مۇقام-غەزەل ئىختىرائات قىلغۇدېك بىر ئۇستادگۇل ئالەمغە كەلگەنى مەئلۇم ئىماستۇر. بىلماك كېرەككىم، نەيىنى جەمشىد پادىشانىڭ مەشھۇر خاتۇنى مەلىكە دىلسۇز كەشق قىلدى. سۇرنايىنى ئەۋۋەل كەيقبادشاھنىڭ نەزەرىدە بۇغا مۇڭگۇزىدە لەشكەرلارى ئاراسىدا ئەردىشىر ئاتلىغ بىركىشى كەشق قىلدى. نوشىرۋاننىڭ زەمانەسىدا يىغاچدا سۇرناي ياساپ چالدى. دافنى سۇلەيمان ئەلەيھىسسەلامغە دىۋەلەر ياساپ بەردى. تەبەل، نەقارە ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن زەمانىدا كەشق بولدى، دېيدۇرلار. تەممەت تەمام، بىئەۋنىل مەلىكۇل ئەللام.

*　　　*　　　*

دىگەر ۋازىھ ئولغايكىم، مۇسىقى فەننىنىڭ ئۇستادلارى ھەر ئەسىردە، ھەر شەھەردە يۈز بەلكى مىڭ ئۆتۈپدۇر، ئۇلارنىڭ ھەر-بىرىنىڭ ئەھۋالاتىنى بەيان قىلماق، بۇ قىسقا رىسالەگە سىغمايدۇر. ئانىڭ ئۈچۈن مىڭدىن بىرىنى ئىلغاپ، ھەر بىر بىرىكى، بىر نەقش مۇقام ئىختىرائ قىلغاي ياكى بىر چالغۇ ئەسبابى ياساغاي ياكى بۇ فەن بارەسىدىن بىر رىسايىل پۈتۈپ شوھرەت تۇتقاي، بەس، بۇرىسالەگە شۇلارنىڭ ئەھۋالىدىن شىممەئى ئىزھار قىلىندى.

خۇدايىمغە يۈزمىڭ سەنا ۋە سىپاس،
يەنا ھەمد شۇكرى ئاڭا بىقىياس.

ئەلى شىر ھەكىم بىكىغە بەردى سىپاھ،
خوتەن ئەھلىغە ئەيلادى پادىشاھ.

بۇ شاھ دەۋرىدە ئول مىنى خەلق ئىتىپ،
بىشىمغە كۇلاھ، كوڭلەكىم دەلق ئىتىپ.

زەمانىكى بۇ نوۋ ئەدالەت ئىرۇر،
كى قويلارغە بورى ھەم باج بىرۇر.

مەڭا ئەمرى قىلدىكى تارىخنى پۈت،
قولۇڭغە دوۋەت ئال، قەلەم داغى تۇت.

بۇ ئەمرىغە مەن ئىمتىسال ئەيلەدىم،
جەۋامىئ شىرىن مەقال ئەيلەدىم.

تەمامى مۇغەننى رىسالەلارىن،
تەۋارىخ ئاتى باركىتابىنىڭ بارىن،

يىغىپ جەمئ قىلدىم بۇ تارىخنى مەن،
دىگەي ئوقۇسا ياخشى ئەھلى خوتەن.

ئەگەر ئەقلى كوتە، بويۇمدۇر فاكار،
خوتەنلىككە قىلدىم مۇنى يادكار.

سەبەب بولدى مۇڭا ئەلى شىرھەكىم،
تولا ئەجرى بەرگەي خۇدايى كەرىم.

ئوقۇپ ئاڭلاغانغە بۇدۇر ئىلتىجا،
ئەلى شىرھەكىمغە قىلىڭلار دۇئا.

مېنى قىلمىڭىزلار فەرامۇش تەخى،
بېھشت ئول كىشىنىڭ كىم، ئولسە سەخى.

پۈتۈك تارىخىن تارىخىن دېپ ئىدىم،
بىلەلماسىمكىن دېپ ئەجەپ غەم يېدىم.

تۈگەت سوزنى مۇئجىز غەرىپ بىناۋا،
ئۇلۇغ يولغە كىرگىل بولۇپ ماسىۋا

تەممەت تەمام
1271سىنە

# II

## تەرجىمە

مەرھەمەتلىك ۋە رەھىملىك ئالانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

ئەي ‹خۇدا›①، ھېكمەت كورسىتىپ گۇلگە پۇراق ۋە رەڭ بەردىڭ،
بۇلبۇلنى چىمەندە يېقىملىق سايرايدىغان قىلدىڭ.
سېنىڭ قۇدرىتىڭدىن راۋاپ، تەمبۇر، دۇتتار، سەتتار،
ئۇد، قالۇن ۋە چاڭلار نالە قىلىدۇ.

**خۇدا**②، شەۋقىڭنىڭ چىمەنزارىدا گۇل-چېچەكلەرنى كۇلدۇرگۇچى-سەن؛ گۇل ئىشقىدا بۇلبۇل، تۇتىلارنى سايراتقۇچى، يىغلاتقۇچىسەن. لەيلىنىڭ چېچىنى مەجنۇننىڭ كوڭلىگە سىرتماق قىلغاندەك، پەرھاتنىڭ قېنىدىن شىرىننىڭ لېۋىنى قىزارتقاندەك، ئۇزرا جامالىنىڭ ئوتى ھارارىتىدىن ۋامۇقنىڭ تېنىنى ياش گىرداۋىغا غەرق قىلغاندەك،

---

① بۇ يەردىكى ۋە باشقا يەرلەردىكى ئۇچلۇق تىرناق ‹ › ئىچىگە ئېلىنغان سوزلەرنى مۇشۇ كىتاپنى نەشرگە تەييارلىغۇچىلار قوشقان. — مۇھەررىردىن.

② قېنىق ھەرپلەر بىلەن يېزىلغان سوزلەرنىڭ ھەممىسى ئەسلى ئەسەردە قىزىل سىيا بىلەن يېزىلغان. — مۇھەررىردىن.

زوھرانىڭ ئىشقىدا تاھىرنى ساندۇقتا سولاپ تارىمغا ئېقىتقانىدەك، يۈسۈپ ھۆسنىدىن، زۇلەيخا ئىشقىدىن گۈزەل ھكايە تۈزگەنىدەك مېنى ئۇ نىگار ئىشقىدا ئەسىر ۋە سەرگەردان قىل؛ ئۇ قۇياش ئەتراپىدا مەندەك بىر زەررىنى تاقەتسىز ئاشىق قىل؛ مەن شۇنىداق دەرىجىگە يېتەيكى، ئۇنىڭ ئىشقىدا تەمبۇرۇمنى قولۇمغا ئالاي؛ ئۇنىڭ سوزىنى سېغىنغاندا ئۇنى چالاي؛ گاھى ناۋايى[1] بېيىتلىرىدىن ھەمىد (ئاللاغا مەدھىيە) ئىلغاپ، بەزەن لۇتفى[2] شېئىرلىرىدىن نەئىت (رەسۇلۇللا تەرىپلەنگەن مىسرالار) يادلاپ، تەمبۇرۇم سىملىرىغا زەخمەك ئۇراي؛ ئۇ مېھىر نىگارىم شەۋقىدە باغرىمنىڭ قارا قېنىنى سىيا قىلىپ ئېزەي؛ ئۇنىڭ ئىشقىدا چول-باياۋانىنى كېزەي؛ سېنى مەدھىيىلەپ بېيىتلار يازاي؛ ھەبىبىڭنى تەرىپلەپ شېئىرلار يازاي.

## مۇناجات

ئەي خۇدا، سەن مېنىڭ مەقسىدىم سەن،
مېنىڭ ئىبادەت قىلىدىغىنىم سەن،
مېنىڭ سەجدە قىلىدىغىنىم سەن،
سەن مېنىڭ مەدەتكارىمسەن.

مەن سېنىڭ ئاسى قۇلۇڭمەن،
مەن سېنىڭ گۇناكار قۇلۇڭمەن،
مەن غەم ئىلكىدە ئەسىر بولۇپ قالدىم،
سەن مېنىڭ مەدەتكارىمسەن.

ئەي قەدىمدىن رىسىق بەرگۈچى،
كېچىرگۈچىسەن، ئەي رەھىم،
مېنى ھاجەتتىن چىقارغىن، ئەي كەرىم،
سەن مېنىڭ مەدەتكارىمسەن.

ئىشقىڭنى دىلىمغا كىرگۈزگىن،
مەن سەتار بىلەن دۇتارنى چالاي،
مەندە خاتالىق بار، ئەپۇ قىلغىن،
سەن مېنىڭ مەدەتكارىمسەن.

مەن موجىزى تاقەتسىز ئاشىق بولدۇم،
سەن بىر ئاللاغا يالۋۇردۇم،
رەھمىڭگە ئىنتىزار بولدۇم،
سەن مېنىڭ مەدەتكارىمسەن.

(ئايەتنىڭ مەنىسى):
"ماختاش پۈتۈن ئالەمنى تەربىيىلىگۈچى تەڭرىگە خاستۇر، رەھمەت ۋە تېچلىق پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ غوجىسى (مۇھەممەت)گە ۋە ئۇنىڭ ئائىلە-تاۋابىات ۋە ھەمراھلىرىنىڭ ھەممىسىگە بولسۇن!"

**ھەمد ۋە نەئىتتىن كېيىنكى سوز شۇكى.** ئادالەت مەملىكىتىنىڭ ئەڭ كاتتا پادىشاسى، سەخىلىك كېچىسىنىڭ تولۇن ئېيى، ئېسىللىق چىمەنزارىنىڭ گۈزەل سەرۋى، ئۇلۇغلۇق دېڭىزىنىڭ بىردىن-بىر گوھىرى، غېرىپ-يېتىملارنىڭ ئاتىسى، پېقىر-مىسكىنلەرنىڭ يېتەكچىسى، جەمشىتنەك[3] سولەتلىك، سۇلايماندەك[4] دولەتلىك،

يولۋاستەك غەزەپلىك، ئىسكەندەردەك[5] مەرتىۋلىك، خاقان سۈپەت، دەرۋىش مىجەز، ۋەتەننىڭ چىرىغى، خوتەننىڭ شاھى ئەلشىر ھېكىم بېگىم[6] ھەزرەتلىرى قۇياشىدىن مەندەك بىر ئەرزىمەس غېرىپ-بىچارە، جۇدالىق دەشتىدە ئاۋارە، غەم ئىلكىدە ئەسىر، پارچە ئادەمدىن تۇۋەن (كىشكە) يەنى **موللا نېمەتۇللا ئوغلى موللا ئىسمەتۇللا موجىزىگە** بىر يورۇق نۇر چۈشۈپ، مەندەك بىر زەررىنى پەلەك قۇياشىدىن ئۈتكۈزۈپ شۇنداق يارلىق بولدى: "مۇزىكا-كۈي خوشاللىق ۋە تۇرمۇش ھوزۇرىنىڭ سەۋەپچىسىدۇر، شۇڭا پادىشادىن گادايغىچە، ئەۋلىيادىن خىرىستىيانغىچە ھەممە ئىنسان بۇ پەندىن شاتلىنىدۇ. ئەمما، بۇ پەننىڭ ئالىملىرى ۋە كەشپىياتچىلىرى كىملەر، ئىخلاسمەن يېتەكچىلىرى كىملەر، ئۇستىلىرى كىملەر — بۇنى كوپ سازەندىلەر تا ھازىرغىچە بىلمەيدۇ. سەن بولساڭ مۇزىكىنى كەسىپ قىلغانسەن ھەم بېيىت مەملىكىتىنىڭ بۇلبۇلدەك سۇلتانى، ئەدىبىيات دولىتىنىڭ شىرىن سوزلۇك تۇتىسىدۇرسەن، شۇنىڭدەك خۇش پۇتكۇچى ۋە دىلكەش ئېيتقۇچىدۇرسەن. مۇشۇ غېرىپ پەننىڭ كەشپىياتچىلىرى تارىخىدىن بىر رىسالە پۈتۈپ باشقا سازەندىلەرگە يادىكار قىلساڭ قانداق؟" (بۇنىڭ بىلەن) گويا بىر غېرىپ چۇمۇلە ئۈستىگە تاغ يۈكلەندى. گويا بىر زەيىپ بىچارە ئۈستىگە ئاسمان يىقىلدى. بۇ بۇيۈك ئەمىرنى ئىجرا قىلغۇدەك قۇۋۋەت (مەندە) يوق ئىدى، ئۇزۇر ئېيتىپ باش تارتقۇدەك قۇدرەتمۇ (مەندە) يوق ئىدى! ھەيرەت دېڭىزىغا غەرق بولۇپ (تۇرغىنىمدا) "دىگىنكى، ئاللاغا، ئۇنىڭ ئەلچىسىگە ۋە ئوزەڭلاردىن بولغان باشلىقلارغا بوي سۇنۇڭلار" دىگەن ئۇلۇغ ئايەتنىڭ مەزمۇنى ئېسىمگە كەلدى-دە بۇ ۋاجىپ ئەمىرنى ئىجراسىز قالدۇرۇشقا چارە تاپالمىدىم. تەۋەككۇلنى تەگرىمگە

قىلىپ، بۇ ئالى ئەمىرنى بىجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن مۇناسىپ تارىخ- تەزكىرىلەرنى يىغىپ، «تارىخى رەشىدى» (رەشىدى تارىخى)[7]، «تەۋارىخى تەبىرى» (تەبىرى تارىخى)[8]، «تەۋارىخى رەۋزەتۇسسەفا» (ساپالىق باغ تارىخى)[9]، «تەۋارىخى ھوكەما» (دانىشمەنلەر تارىخى)[10]، «تەۋارىخى ئەجەم» (ئەجەم تارىخى)[11]، «تەۋارىخى ئەرەب» (ئەرەب تارىخى)[12] لەردىن (ئاساس) تاللىدىم ھەم زور ئالىم، مۇزىكا ئۇستازلىرىدىن فىساغورس[13]، فارابى[14]، پەھلىۋان مۇھەممەت كۆشتىنگىر[15]، ئەمىر نىزامىددىن ئەلىشىر ناۋايى پىرىمىنىڭ بۇ پەن ھەققىدە يازغان كىتاپ ۋە رىسالىلىرىدىن پايدىلاندىم. ئاخىر قۇدرىتىمگە لايىق، قابىلىيىتىمگە مۇۋاپىق بۇ رىسالىنى يېزىپ، ئالەم خەلقىغە سوغا قىلدىم. بو رىسالىگە «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» (مۇزىكىچىلار تارىخى) دەپ ئات قويدۇم.

ئەقىل ئىگىلىرىگە، چوڭ-كىچىك سازەندىلەرگە، مەرتىۋىلىك ۋە ئادەتتىكى كىشىلەرگە، شاھ ۋە گادايلارغا نامەلۇم قالمىسۇنكى، تارىخى رەۋزەتۇسسەفا ۋە تارىخى رەشىدىدە مۇنداق يېزىلغان: نوھ[16] ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى يافەسنىڭ[17] تۈرك[18] ئىسىملىك بىر ئوغلى بار ئىدى، خۇدايىتائالا ئۇنىڭغا بىر ئوغۇل بەردى. ئۇ بۇ ئوغلىنىڭ ئىسمىنى خەرىز[19] قويدى. بۇ ئوغۇل چوڭ بولغاندا تۆلكە تۇتۇپ، ئۇنىڭ تېرىسىنى كىيىم قىلىپ كىيىشنى، غىزاغا تۇز سېلىپ يېيىشنى، تەمبۇر، بەربەت، ئۇدلارنى ياساپ چېلىشنى كەشىپ قىلىپ ئالەم خەلقىغە ئۆگەتتى. ئۇ زاماندا ئاتا-ئانىسى، باللىرى ئۆلگەن كىشىلەر مۇسىبەت ماتەمدە تەمبۇر چېلىپ يىغلاپ، ئاندىن ئۆلۈكنى كۆيدۈرىدىغان قائىدە بار ئىدى. خەرىز يافەس ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرىسى ئىدى. يەركەن، خوتەن رايونلىرىنى شۇ

خەرىزنىڭ ئەۋلاتلىرى ئاۋات قىلغان، دېمەك بىز يەركەنلىك ۋە خوتەنلىكلەر خەرىزنىڭ ئەۋلاتلىرىدىن بولۇپ ھېساپلىنىمىز. ئۇ زاماندىن ھازىرغىچە 5850 يىل ئۆتكەن. ئۇ چاغلاردا تەمبۇرغا قويۇلچىلىنىڭ ئۇچەي-پەيلىرىدىن تار ئىشىپ سالاتتى.

**مۇزىكا ئىلمىنىڭ ئىككىنچى پىرى فىساغۇرس** بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. بۇ كىشى سۇررى[20] شەھرىدىن ئىدى. ئۇ ساياھەتچىلىكنى بەك ياخشى كۆرەتتى. ئۇ خەلقنى ئىلىم بىلەن شۇغۇللىنىشقا، ياخشى پەزىلەتلىك بولۇشقا ئۈندەيدىغان، يامان ئىشلاردىن توسىدىغان كىشى ئىدى. ھەرگىز ساۋاپ تاما قىلمايتتى ۋە گۇنادىنمۇ قورقمايتتى، بىراق ساۋاپ-جازاغا قايىل ئىدى. شەھەرمۇ-شەھەر يۈرۈپ ئىلىم ئۆگىنەتتى. ئۇنىڭ خۇشال بولغىنىنىمۇ، خاپا بولغىنىنىمۇ بىلگىلى بولمايتتى. ئۇ، مال-دۇنيا كىشى ئۈچۈن دوست-دۈشمەننىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرىدىغان نەرسە دەيتتى..... ھەرقاچان، ھەر جايدا بولسۇن، ئۇ بار يەردە كىشىلەر بىر مۇھىم ئىشقا دۇچ كەلسە، ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سورايتتى. ھازىرقى پەرەڭىستان ئۇ چاغدا ئەنتاكىيە[21] شەھرى دەپ ئاتىلاتتى، ئۇ شۇ يەرگە بېرىپ ئۇزى كەشپ قىلغان سەتارىنى چېلىپ شېئىر ئوقۇدى. بۇ شېئىر "سەن ئۆزەڭنى تۈزىمەي تۈرۈپ باشقىلارغا نەسىھەت قىلما؛ ئەيىۋىڭنى كۆرستىپ بەرگەن كىشىنى دوست بىلىپ قەدىرلە؛ ئىسىل كىيىملەرنى كىيىپ يۈرگىچە، ئىسىل سوزلەرنى قىلىپ يۈرۈشنى ئۆگەن؛ ياخشى سوزلەرنى قىلالمساڭ، ياخشى سوزلەرنى قىلالايدىغان ئادەملەردىن ئۆگەن؛ ئىلىم ئۆگىنىشتىن نومۇس قىلما، ئىلىمسىزلىكتىن نومۇس قىل؛ ھايۋان تىلسىزلىقتىن جاپا-مۇشەققەتكە ئۇچرايدۇ، ئىنسان ئۆز تىلىدىن بالا-مۇسىبەتكە ئۇچرايدۇ" دىگەن مەزمۇندا ئىدى. ئەنتاكىيە

شەھىرىدە شۇ چاققىچە شېئىر، مۇزىكا بولۇپ باقمىغان ئىدى. كىشىلەر
25 ياشلىق بىر يىگىتنىڭ غارايىپ سوزلەرنى قىلىپ، ئاجايىپ بىر
نەرسىنى چالغىنىدىن ھوزۇرلىنىپ ئۇنىڭ كەينىگە كىرىۋالىدى، ئۇ
كىشىلەرگە چوڭقۇر مەنىلىك ۋە نەسىھەت خاراكتىرلىق سوزلەردىن
تۇزۇلگەن شېئىرلارنى سەتار بىلەن ئوقۇپ بېرەتتى. بۇ ۋەقە پادىشاغا
ئاڭلاندى. پادىشا دولەت ئەرباپلىرى بىلەن بىللە چىقىپ، بۇ
ئەھۋالنى كورۇپ، قاتتىق ھەيران بولدى (ھەيرەت قولىنى تەئەج-
جۇپ چىشلىرى بىلەن چىشلىدى)، ئۇنى ئوردىغا تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ
كەتتى. شاھ غىزادىمۇ، يېتىش-قوپۇشتىمۇ ئۇنىڭدىن ئاجرىمايدىغان
بولدى، ئۇنى پەرزەندىم دەپ ئاتىدى. مۇزىكا ئىلمىنى تارقىتىش
ئۇچۇن جاي راسلاپ، ئەنتاكىيە خەلقىغە بۇ ئىلمنى ئۇگىنىش توغرى-
لىق بۇيرۇق چۇشۇردى. ئون يىل ئىچىدە 40 مىڭ شاگىرت مۇزىكا
ئىلمىدە يېتىشىپ چىقتى. فىساغۇرس پادىشادىن رۇخسەت سوراپ
ھىندىستانغا كېلىپ ئىلمى نۇجۇم (ئاستىرونومىيە) ئۇگەندى،
ھىندىستان خەلقى فىساغۇرستىن مۇزىكا ئۇگەندى. جەمشىت،
كەيقىباد[22] پادىشالاردىن كېيىن ئالەمگە مۇزىكىنىڭ ئۇرۇغىنى
سالغان دانا ئالىم فىساغۇرس بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. ئۇ ھىندىستاندىن
يېنىپ مىسىرغا بېرىپ سېھىرگەرلەردىن سېھىر ئىلمى بىلەن 3 خىل
يېزىق ئۇگەندى. ئوتكۇنچى دۇنيادىن مەڭگۇلۇك دۇنياغا سەپەر
قىلىش ۋاقتىدا، ئۇنىڭ 500 شاگىرتى بار ئىدى. پىشقەدەم تالىپ-
لىرىدىن بىرى "بىز (سىزدىن كېيىن قالغاندا) قانداق ئىش تۇتۇشى-
مىز كېرەك؟" دەپ سورىغاندا، ئۇ "خالايىققا پايدىسى تەگمەيدىغان
سوز ۋە ھەركەتلەرنى قىلماڭلار" دەپ كوز يۇمدى. ئۇ ھەزرىتى
ئىسكەندەرنىڭ ۋاپاتىدىن بىر يىل كېيىن ۋاپات بولدى. 93 يىل

ئومۇر كوردى. كىشىلەرنىڭ قۇدرىتى يەتمىگەن ئىشلارنى قىلىپ بېرىشنى، مۇھتاجلارغا ساخاۋەت قىلىشنى ياخشى كورەتتى.

**ئۈچىنچى پىرى** ئالتاينىڭ بالاساغۇن[23] دىگەن يېرىدە ئوتكەن مەۋلانە شەيخ ئەبۇ نەسىر فارابىدۇر. بۇ ئەزىز ھەزرىتى ئىمام مۇھەممەت غەززالى[24]، ھەزرىتى ئىمام پەخرى رازىلاردىن[25] ئارتۇق كامالەت تاپقان، دىنىي ئىلىملەردە يۇقۇرى سەۋىيىگە يەتكەن، پەننى ئىلىملەردە ئىبنى سىنادىنمۇ[26] ئۈستۈن ئىدىكى، شەرىئەت ئىلمى، تەرىقەت ئىلمى، تەفسىر (قۇرئاننىڭ شەرھى)، ھەدىس، تىۋىپلىق، پەلسەپە، ئىدىئولوگىيە، ئەدىبىيات ھەتتا شاخمەت، نەرد ئويۇنلىرىغىچە بىلمەيدىغىنى يوق ئىدى. جۈملىدىن مۇزىكا ئىلمىدىمۇ ناھايىتى يېتىلگەن ئىدى. قالۇننى ئوز قولى بىلەن ياساپ، سىم تارتىپ چالغان ۋە سازەندە شاگىرتلىرىغا ئۈگەتكەن ئىدى. راك، ئوشاق مۇقاملىرىنى ۋە ئوشاقنىڭ مەرغۇللىرىنى ئىجات قىلىپ ئالەمگە يايغان ھەم شاگىرتلىرىغا ئۈگەتكەن ئىدى. ھازىرمۇ ھەممە سازەندىلەرگە مەلۇم بولغان ئۈزھال مۇقامىنى ۋە ئۇنىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى مەرغۇللىرىنى كەشىپ قىلغان ئىدى. «رىسالەئى مۇغەننىيۇن» (سازەندىلەر رىسالىسى) دىگەن كىتاۋىدا "مۇزىكىنىڭ تىلسىز مۇڭلىرى ئىنساننىڭ روھىغا مەنىۋى ئوتنى تۇتاشتۇرغۇچى ئامىلدۇر، ئەگەر ئۇنىڭغا شېئىر (تېكىست) قوشۇلسا، ئۇ مۇڭنىڭ نىمە ئىكەنلىگى مەلۇم بولىدۇ" دەپ ئېيتقان ۋە يەنە "يۈز يىل ئىبادەت قىلىپ ئالالمىغان پەيزىنى مېنىڭ قالۇنۇمنىڭ سىملىرىدىن ئالغايسىزلەر" دىگەن. بۇ ئەزىز تۈرلۈك ئىلىملەر ھەققىدە 114 پارچە كىتاپ يازغان. بۇ كىتاپلارنىڭ بىرى «رىسالەئى مۇغەننىيۇن»دۇر. لېكىن بۇ كىتاپ ھازىرغىچە ئەرەپچىدۇر. مۇشۇ رىسالىنى تامام قىلىپ بولغاندىن

كېيىن كۆچۈمنىڭ يېتىشىچە ۋە ۋاقتىمنىڭ بارىچە شۇ كىتاپنى تۈركچىگە تەرجىمە قىلىشنى نىيەت قىلىۋاتىمەن، خۇدايىم بۇيرۇسا.

بۇ پەننىڭ تۆتىنچى دەرىجىلىك پىرى مەۋلانەئەلى ھەزرەتلىرىدۇر[27]. ئۇ خوراسانىنىڭ[28]شابۇك دىگەن يېرىدىن ئىدى. ئۇ بۇ پەندە ئۆز ئەسرىنىڭ تەڭداشسىزى ئىدى، بۇ پەن ھەققىدە «ئەسلۇل-ۋەسل» (ۋەسلىنىڭ نېگىزى) ئاتلىق بىر كىتاپ يازغان، كېيىن «مۇرتاز» (نەپسىدىن كەچكۈچى) ئاتلىق يەنە بىر كىتاپ يازغان ئىدى. نەغمىچىلەر ئىچىدە مەشھۇر بولۇپ كېلىۋاتقان چول ئىراق مۇقامىنى شۇ كىشى ھەج سەپىرىدە ئىراق چۆلىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئىجات قىلىپ، شۇ نام بىلەن ئاتىغان. دۇتتارنىمۇ شۇ كىشى كەشىپ قىلغان. ئۇ شېئىر يېزىش ۋە مۇزىكا ئۆگىتىشتىمۇ ئۆز زامانىنىڭ تەڭداشسىزى ئىدى. ئۇ باشقا ئىلىملەر بويىچىمۇ ناھايىتى چوڭقۇر مەنىلىك ياخشى كىتاپلارنى يازغان. ئاخىرقى ئۆمرىدە ئەپيۇننى كوپ ئىستىمال قىلغان سەۋەپتىن ئەقلىنى يوقىتىپ ۋاپات بولغان.

بەشىنچى پىرى خوجە شاھابىدىن[29] بولۇپ، بۇ پەندە ئۆز ئەسرى بويىچە بىردىن-بىر ئىدى، ئۇ بۇ پەن بويىچە 200 دىن ئارتۇق شاگىرت يېتىشتۈردى ھەم رىسالىلەر يازدى.

ئالتىنچى پىرى ئابدۇللا مەرۋارىت[30]ھەزرەتلىرى بولۇپ، سەمەرقەنتتىن ئىدى. بۇ ئەزىزىمۇ بۇ پەننىڭ ئۇستازلىرىدىن ھىساپلىناتتى. بۇ پەن ھەققىدە نۇرغۇنلىغان ياخشى رىسالىلەرنى يازغان ھەم 100دىن ئارتۇق شاگىرت چىقارغان ئىدى. ئۆز زامانىسىدە ناھايىتى داڭلىق مۇزىكىچىلاردىن بولغان ئىدى. ھىجرىيە 881-يىلى (مىلادى 1476-يىلى) ھىسار ۋىلايىتىدە[31]دەپنە قىلىندى.

يەتتىنچى پىرى ھەزرىتى مەۋلانە نۇرىددىن ئابدۇراخمان جامى[32]

ئىدى. بۇ ئەزىزنىڭ خىسلەت ـ پەزىلەتلىرى خىلمۇ ـ خىل كىتاپلاردا تەرىپلەنگەن. ئۇنىڭ قانچىلىك قابىلىيەتلىك ئىكەنلىگىنى شۇنىڭدىن كورگىلى بولىدۇكى، ئۇ ئەمىر نىزامىدىن ئەلىشىر ناۋايىدەك ئالىمغا ھەممە ئىلىم ۋە ئەمەللەر بويىچە ئۇستاز بولغان. ناۋايىدەك زاتىنىڭ ئۇنى ئۇستازىم، پىرىم دىگەنلىگى ئۇنىڭ سوپەت ۋە تەرىپى ئۇچۇن يېتەرلىكتۇر. ناۋايى ھەزرەتلىرى ئوز «خەمسە»سىدە بەش جايدا بۇ ئەزىز ئۇستىدە توختالغان بولۇپ، نىمە دەپ تەرىپلىگەنلىگىنى ئوزەڭلار كورۇۋالساڭلار بولىدۇ. بۇ ئەزىز ھەممە ئىلىمدە ھەزرىتى فارابىدەك ماھىر ئىدى. ئۇنىڭ شائىر ھەم ئالىم بولغىنىدىن مەپتۇنلۇغى تېخىمۇ كۇچلۇك ئىدى. تەمبۇر، سەتار، قالۇن قاتارلىق بارلىق سازنى ئوز قولى بىلەن چالاتتى. ئەجەم دىگەن بىر مۇقامنى ھەم ئۇنىڭ ئىككى مەرغۇلىنى ئىجات قىلدى. نۇرغۇن شاگىرتلارنى مۇزىكا ئىلمىگە مۇكەممەل قىلىپ چىقاردى. بۇ پەن ھەققىدە «رىسالەئى دەۋۋار» (دەۋر قىلغۇچى رىسالىسى) ناملىق بىر كىتاپ يازدى. ھەزرىتى ئەلىشىر ناۋايىمۇ بۇ پەننى ھەزرىتى جامىدىن ئوگەندى. ھەزرىتى جامى 898 ـ ھىجرىيىدە (مىلادى 1492 ـــ 1493 ـ يىلى) 79 يېشىدا خوراساننىڭ ھىرات[33] شەھرىدە ۋاپات بولدى.

**سەككىزىنچى پىرى** ھەزرىتى ئەمىر نىزامىدىن ئەلىشىر ناۋايىدۇر. بۇ ئەزىزنىڭ ھەممە پەزىل ـ شاراپەتلىرى ئوزى يازغان شېئىر كىتاپلىرىدىن ئايان بولىدۇ. مەن ئۇنىڭ «كۇللىيات»، «چاردىۋان»لىرىدىن، «خەمسە»سىدىن ھەم بۇلاردىن باشقا ئىلگىر ـ كېيىن، ئاز ـ كوپ بولۇپ پۇتكەن 36 پارچە كىتاۋىدىن بەھرىمەن بولۇپ، ئۇنىڭ خىسلەت ۋە ئىشقى مۇھەببىتىدىن خەۋەردار بولدۇم. ئۇ مۇشۇنداق قىممەتلىك ئىلمىلەرنىڭ ئۇستىگە يەنە ئوزىنىڭ پىر-

ئۇستازى بولغان ھەزرىتى جامىدىن مۇزىكا ئىلمىنى ياخشى ئۆگەندى. ھەر كېچىسى سەتار ياكى تەمبۇر چېلىپ، ئۆزى يازغان غەزەللەر بىلەن ھەمىد ئېيتىپ بىھۇش بولۇپ كېتەتتى. ناۋا دىگەن بىر مۇقامنى ئىجات قىلىپ ئالەمگە تارقاتتى. بۇ ئەزىز ھىجرىيە 843-يىلى (مىلادى 1439-يىلى) 6-ئايدا دۇنياغا كېلىپ، 63 يىل ئۆمۈر كۆرۈپ، 63 پارچە كىتاب يېزىپ، ھىجرىيە 906-يىلى (مىلادى 1500-يىلى) ھىرات شەھىرىدە سەكتە (مېڭىگە قان چۈشۈش) كېسىلى بىلەن ۋاپات بولدى.

**توققۇزىنچى پىرى** **ئۇستاز** مۇھەممەت خارەزمى[34] بولۇپ، ئۇز ئەسرىدە مۇزىكا پەنى بويىچە كوپ تىرىشچانلىق ۋە ماھارەتلەر كورسەتتى. 200 دىن كوپرەك شاگىرتىنى يېتىلگەن ئۇستىلاردىن قىلىپ چىقاردى. بۇ پەننىڭ چوڭقۇر سىرلىرى ھەققىدە رىسالە يازدى. ھىجرىيە 852-يىلى (مىلادى 1448-يىلى) ۋاپات بولدى.

**ئونىنچى پىرى** مەۋلانە نامان سەمەرقەندىدۇر[35]. بۇ ئەزىز ئۇستا قارى بولۇپ، 500 كىشى نوۋەت بىلەن ئۇنىڭدا قۇرئان ياد ئالغان ئىدى. ئۇ شۇنداقلا ناھايىتى ئۇستا ناخشىچى ھەم دىلكەش چال-غۇچى ئىدى. ئالىملار سوھبىتى ۋە ماشايىخلار ئولتۇرۇشلىرىدا ساز چېلىپ ناخشا ئېيتاتتى. بىر كۈنى سەمەرقەند ئالىملىرى ئولتۇرۇشىدا مەۋلانە شەمسىددىن تەبرىزىنىڭ[36] غەزەللىرىنى ئوقۇپ سەتارىنى سايراتتى. ئالىملار بىردىن باشلىرىنى تووەن قىلىپ ئويغا چومۇپ كەتتى، ئون نەچچە كىشى بىھۇش بولدى، مەۋلانە ئەلى ھەزرەتلىرى بىھۇش بولغىنىچە شۇ ئولتۇرۇشتا ئالەمدىن كەتتى. بۇ خەۋەر ھەممە ياققا تارقىلىپ كەتتى، پادىشا ئاڭلاپ، بۇ ئەزىزنى زىندانغا ھوكۇم قىلدى. ئۇ 5 يىل زىنداندا يېتىپ ھىجرىيە 865-يىلى (مىلادى

1461 ـ يىلى) ۋاپات بولدى. بۇ ئەزىزنىڭ تەربىيىسىدە 300 دىن ئارتۇق نەغمىچى مۇزىكا ئىلمىدە كامالىغا يەتكەن ئىدى. بىرنەچچە يۈز كىشى شەرىئەت ئىلمىدە ئالىم بولدى، نەچچە مىڭ سوپىلىرى بار ئىدى. ئۇ تەرىقەتنى چەشتىيە[37] ماشايىخلىرىدىن ئىدى. مۇزىكىنىڭ تەرىقەت ئەھلىگە بەخش ئەتكەن نەتىجىلىرى توغرىسىدا «مىئرا جۇسالىكىن» (سوپىلىق يولىنى تۇتقۇچىلارنىڭ شوتىسى) ناملىق بىر كىتاب يازغان ئىدى.

**ئۇن بىرىنچى پىرى** مەۋلانە ساھىپ بەلخى[38] ھەزرەتلىرىدۇر. بۇ ئەزىز مۇدەررىس ئىدى، بەش ـ ئالتە يۈز تالىپ ئۇنىڭ تەربىيىسىدە كامالىغا يەتكەن ئىدى. ئۇ تەمبۇرنى سېھىرلىك بىر تەرىزدە سوزـ لىتەتتى. بابۇر شاھ[39] ئۇنىڭدىن بىردەممۇ ئايرىلمايتتى. ئۇ كېيىن مۇدەررىسلىكتىن بوشىنىپ زاھىرىددىن بابۇرنىڭ ھوزۇرىدا قالدى. بىر كۈنى كابۇل[40] شەھىرىدىكى بىر باغدا شاھانە ئولتۇرۇش ئۇيۇشـ تۇرۇلۇپ، ئۇلۇغ زاتلار، ئەمىر ـ ۋەزىرلەر، ئۆلىما ۋە ئەۋلىيالارنىڭ ھەممىسى يىغىلدى. تۈرلۈك ـ تۈرلۈك تائاملار تارتىلىپ، داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن، بابۇر شاھ مۇزىكىغا ئىشارەت قىلغان ئىدى، بۇ ئەزىز تەمبۇرنى قولىغا ئېلىپ، چول ئىراق مۇقامىغا چېلىشقا باشلىدى، مۇزىكا ئىككىنچى ئەۋجىدىن ئۆتۈپ ئۈچىنچى ئەۋجىگە يەتكەندە بىر بۇلبۇل كېلىپ تەمبۇرنىڭ قۇلىغىغا قونۇۋېلىپ سايراشقا باشلىدى. مەجلىس ئەھلى چۇقان ـ سۈرەن كۆتىرىشتى، بىرمۇنچە كىشىلەر يىغلاپ بىھوش بولۇپ يۇمىلىنىشقا باشلىدى، بۇلبۇل يىراقتىن ئۇچۇپ كېلىپ تەمبۇرغا ئۆزىنى ئۇرۇشقا باشلىدى ۋە يەتتە ـ سەككىز قېتىم ئۆزىنى تەمبۇرغا ئۇرغاندىن كېيىن يەرگە چۈشۈپ ئۆلدى. بەك تەسىرلىنىپ كەتكەن مەۋلانە تەمبۇرنى تاشلاپ يىغلىغىنىچە بىھوش بولدى. بىر

ئازدىن كېيىن بىھۇشلارغا گۈلاپلار سېپىلدى، شاتىلىق شاراپىلىرى ئىچۈرۈلدى، بىھۇشلار ھوشىغا كەلدى، لېكىن مەۋلانە ساھىپ بەلخى ھوشىغا كېلەلىمىدى، ھېكىملار ھەرقانچە چارە-تەدبىر قىلىشقان بولسىمۇ پايدا چىقمىدى. شۇنداق قىلىپ، مەۋلانە ھىجرىيە 844-يىلى (مىلادى 1440-يىلى) ئالەمدىن كەتتى. بابۇر شاھ يازغان «ئەسرارى مۇسىقى» (مۇزىكىنىڭ سىرى) ناملىق رىسالىدە بۇ قىسسە ئالاھىدە تەپسىلى بايان قىلىنغان.

**ئون ئىككىنچى پىرى** شەيخ سەفايى سەمەرقەندى[41] ھەزرەت-لىرىدۇر. بۇ ئەزىز بىلمەيدىغان مۇقام ئاھاڭلىرى، بۇ ئەزىز چالال-مايدىغان چالغۇ ئەسۋاپلىرى يوق دېسىمۇ بولىدۇ. بۇ پەن بويىچە ئىككى يۈزدىن ئارتۇق شاگىرتنى ماھىر قىلىپ چىقاردى. «نەشائەتى مۇسىقى» (مۇزىكىنىڭ ئۇنۇمى) ناملىق بىر رىسالە يازدى، بىر-قانچە تۈرلۈك ناخشا-غەزەللەرنى ئىجات قىلدى. ھىجرىيە 869-يىلى (مىلادى 1464 — 1465-يىلى) ئەللىك ئالتە يېشىدا پالەچ كېسىلى بىلەن ۋاپات بولدى.

**بۇ پەننىڭ ئون ئۈچىنچى پىرى** قىدىرخان ياركەندىدۇر[42]. بۇ پەندە بۇ ئەزىزدەك ماھارەت كۆرسەتكەن ئۇستاز ئاز. بۇ ئەزىز كۆپرەك ئەمىر نىزامىدىن ئەلىشىر ناۋايى ھەزرەتلىرىنىڭ غەزەللىرىنى ئاھاڭغا سېلىپ ئېيتاتتى. ئالەم ئوتتۇپ ئۇنىڭدەك خۇش ئاۋاز ئادەم بولمىغان دېيىشكە بولىدۇ. ئىراقتىن، ئىراندىن، تەبرىزدىن[43]، خارەزم، سەمەرقەند، ئەنجان، ئىسلامبۇل[44]، كەشمىر، بەلخ[45]، شىراز[46] قاتارلىق يىراق شەھەرلەردىن مۇزىكا ئۆگىنىشكە كەلگەن شاگىرتلىرى بار ئىدى. راۋاپنى ۋە ھەشتتار (8 تارلىق بىر خىل چالغۇ)نى بۇ ئەزىز كەشىپ قىلدى. ئۇ يەنە شائىر ئىدى، «دىۋان

قىدىرى» (قىدىرخان شېئىرلىرى توپلىمى) بار ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇ ئۆزىنىڭ مۇزىكا ئىلمى ھەققىدىكى رىسالىلىرىدە چوڭقۇر مەنىلىك پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. جەندە ـ كۆلا كىيىپ يۈرەتتى. داڭلىق سۇلتان ئابدۇرىشىتخان[47] غىزادىمۇ، يېتىپ ـ قوپۇشىمۇ قىدىرخاندىن ئاجرىمايتتى. قىدىرخان ۋىسال ناملىق بىر مۇقامنى ئىجات قىلىپ شاگىرتلىرىغا ئۆگەتتى. ئۇ ئابدۇرىشىتخان پادىشادىن ئىككى يىل كېيىن ئالەمدىن كەتتى.

بۇ پەننىڭ ئون توتىنچى پىرى ھەزرىتى پەھلىۋان مۇھەممەت كۆشتىنگىردۇر. خۇدايىتائالا ئۇز ئۇستۇنلۇكى ۋە كارامىتى بىلەن بۇ كىشىگە شۇنداق بىر قابىلىيەت ئاتا قىلغان ئىدىكى، ئۇ ھەم ئۇلۇغ ئولىما ھەم ئەڭ كاتتا ئەۋلىيا ھەم زەبەردەست پەھلىۋان ئىدى. مىڭ يىللار ئوتتۇپ ئۇنىڭدەك پەھلىۋان چىقمىغان. ئۇ ھەم شائىر ھەم نەغمىچى ھەم زور باي ئىدى، شۇنىڭغا مۇۋاپىق ئۇنىڭدەك خۇش خۇلۇق، خۇش سوز ئادەم يوق ئىدى. ئۇ يۇقۇرىدا ئىسمى ئېيتىلغان ئۇلۇغ ئۇستازلار باراۋىرىدە مۇزىكا ئىلمى ھەققىدە ئەسەرلەر يازدى، پائالىيەتلەر ئېلىپ باردى، تۈرلۈك ـ تۈرلۈك ناخشا، سوز، ئاھاڭلار ئىجات قىلدى. ئۇ ئىشلىگەن مۇقام كۈيلىرىنىڭ بىرى چاھار زەرب بولۇپ، ھەممە ئۇستازلارنىڭ كۈيلىرىدىن ياخشى ھەم يېقىملىق بولغان ۋە تېزلا داڭ چىقارغان ئىدى. مەشھۇر ئىجادىي مۇقاملىرىنىڭ بىرى چاھارزەرب، بىرى چاھارگاھ مۇقامى ئىدى. چاھارگاھقا مەۋلانە نۇتى[48] ئەلەيھىررەھمىنىڭ مۇنۇ غەزىلىنى سالغان ئىدى (**باشلانما بېيىتنىڭ مەنىسى**):

ئەي ساقى، ئەجەپكى ئەتىنىڭ دەھشەتلىك ئىشلىرى نامەلۇم

كېتىۋاتىدۇ،

بۇگۈن ئۆزىمىزنى خۇش تۇتايلى، ئەتىنى كىم بىلىدۇ.

بۇ مىربۇزرۇك تىرمىزى[49] نامىغا باغلىنىپ تولىمۇ مۇۋاپىق ئىش بولغان، شۇڭا خوراسان مەملىكىتىدە، ئىراق، سەمەرقەند ۋە يەركەن خەلقى ئىچىدە بۇنى بىلمەيدىغان نەغمىچى يوق. يەنە بىرى دۇگاھ مۇقامى بولۇپ، بۇنىڭغا مىرخىسرو دېھلىۋىنىڭ[50] مۇنۇ شېئىرىنى سالغان ئىدى (شېئىر):

ئەي، سېنىڭ مەگزىڭنىڭ نۇرىدىن ھەر بىر ئۆي يورۇپ كەتتى،
سېنىڭ چېچىڭنىڭ ھەر بىر بۇدرىسى ئۈچۈن بىركۆڭۈل ۋەيرانە ۋە ئەسىردۇر.

بۇ بابۇر سۇلتان نامىغا باغلىنىپ تولىمۇ تەسىرلىك ھەم مۇۋاپىق مۇقام بولغان. يەنە پەنجىگاھ مۇقامىنى ئىجات قىلىپ، ئۇنىڭغا ھەزرىتى مەۋلانە كاتىبىنىڭ[51] بىر شېئىرىنى سالغان ئىدىكى، ئۇنى ئاڭلىغان كىشى ھوزۇرلىناتتى. بۇ مۇقام ئەجەم، ماۋەرەئۈننەھرى[52] شەھەر-لىرىدە مەشھۇر بولدى. مەۋلانە كاتىبىنىڭ بۇ شېئىرىنىڭ باشلانما بېيىتى مۇنداق (مەنىسى):

سېنىڭ رەڭگىڭ بەزىدە ئادەم ئۆلتۈرىدىغانلار قىياپىتىگە كىرىپ قالىدۇ،
بىر تەلەپنىڭ گۇۋاچىلىقى ئۈچۈن يۈز شەھىت كېلىدۇ.

ئۇ بۇ شېئىرنى سېلىشتا ئۇنىڭ مۇنۇ چۇشۇرگە بېيىتىنى كوزلىگەن ئىدى (مەنىسى):

كاتىبىدەك ئاخشىمى غەم قىلساڭ، تاڭدا ئۇمىت قىل.
بۇ دولەتكە سۇلتان ئەبۇ سەئىد كەلدى.

بۇ سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزا[53] نامىغا باغلىنىپ بەكمۇ كوڭۇلدىكىدەك ئىش بولغان ۋە شۇنىڭ بىلەن خەلقى ئالەم ئىچىدە شوھرەت تۇتقان. بۇ ئەزىز بۇلاردىن باشقا يەنە بىھىساپ غەزەل، مۇقام، ئاھاڭلار ئىجات قىلدى، مەشھۇرلىرى مۇشاۋىرەك، بايادەك ۋە يۇقۇرىدا ئېيتىلغان چاھارزەرب، دۇگاھ، سىگاھ، چاھارگاھ، پەنجىگاھلار بولۇپ، غەرپ ۋە شەرق ئوتتۇرىسىدا مەشھۇردۇر، ھەممىسىنى بۇ قىسقا رىسالىگە سىغدۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. بۇ ئەزىز ئاۋال بابۇر شاھنىڭ ھوزۇرىدا خىزمەت قىلدى، كېيىن مىرزا ئەبۇ سەئىد-نىڭ بارگاھىدا يۇقۇرى ئورۇن تۇتتى، ئۇنىڭدىن كېيىن سۇلتان ساھىپ قىران ھۇسەيىن باھادىرخانىنىڭ[54] دەرگاھىدا مەھرەم بولدى. بۇ ئەزىزنىڭ ئۇلۇغلۇغىنى شۇ يەردىن كورۇشكە بولىدۇكى، ئۇ ئەمىر نىزامىدىن ئەلىشىر ناۋايى ھەزرەتلىرىدەك ئالىجاناپ زات بىلەن 40 يىل ھەمسوھبەت، دوست بولۇپ ئوتتى. ئەگەر بۇ كىشىنىڭ تەبىتىدە زەررىچە ئەيىپ بولسا ئىدى، ناۋايى ئۇنى دوستلۇققا قوبۇل قىلمىغان بولار ئىدى. ئەكسىچە، ناۋايى: "مەن پەھلىۋان مۇھەممەت كۇشتىنگىر بىلەن 40 يىل ھەمسوھبەت بولدۇم، بۇ جەر-ياندا كوڭلۇم مالال بولغۇدەك ھېچقانداق ئىش ئوتۇلمىدى، بەلكى دوستلۇق مۇھەببىتىمىز كۇندىن-كۇنگە ئېشىپ باردى"دەپ يازغان.

مانا بۇنىڭدىن بۇ ئەزىزنىڭ خۇي-پەيلىنىڭ ناۋايىغا ناھايىتى يارىغان-لىغىنى كورگىلى بولىدۇ. ناۋايىنىڭ قىممەتلىك ۋاقتىنى سەرپ قىلىپ، بۇ ئەزىزنى تەرىپلەپ تارىخ، ھىكايە يازغانلىغى بۇ ئەزىزگە بېرىلگەن ئەڭ يۇقۇرى باھا بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. بۇ ئەزىز شېرىي مۇئەممما (مەنىسى يوشۇرۇن شېر) ئىلمىدە دەۋرىنىڭ يېگانىسى، زامانىنىڭ نادىرى ئىدى. بۇ پەن توغرىسىدا نۇرغۇن كىتاپلار يازدى. شۇ زامان-دىكى شائىرلارنىڭ يۈزدىن بىرىدە مۇنداق قابىلىيەت يوق ئىدى. شائىرلار ھەرقانداق شېر يازسا، پەھلىۋانغا كورسىتىپ، ئۇنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلاتتى. ئۇنىڭ بۇ پەندىكى سەممىيىتىنى ئۇنىڭ كۇشتىنگىر تەخەللۇسى بىلەن يازغان بىر شېرىنىڭ مۇنۇ باشلانمىسىدىن كورگىلى بولىدۇ (مەنىسى):

مەن ئۇنىڭغا: ئىشقى ئالىمىگىدە مېنىڭ ئىشىم غەم يېيىشتۇر، دېدىم.

ئۇ ھىراتتىكى بىر چوڭ يولنىڭ بويىغا 5 مىڭ كىشىلىك ئوي-باغلاردىن تەركىپ تاپقان زور بىر ئىمارەت سالدۇردى، بۇ بىر مۇساپىرخانا بولۇپ، ئۇنىڭغا "نىمەتى ئابات" دەپ نام بەردى. پېقىرلار، دەرۋىش-لەر، مۇساپىرلار ۋە يولۇچىلار كېلىپ بىر ئاي، ئىككى ئاي ھەتتا بىر يىل، ئىككى يىل تۇرۇپ قالاتتى. ئۇلارغا ھەر كۇنى ئۇچ قېتىم ئۇچ تۇرلۇك ئالى تاماق بېرىلەتتى، ئۇلاقلىرىغا ئارپا-پىچان تەييار ئىدى. كاتتا-كىچىك ھىرات خەلقى نىمەتى ئاباتتىن تاماق يەيتتى، پېقىرلاردىن باشقا بايلار، شازادىلەر، ۋەزىرلەرمۇ تاماق يەيتتى، ھەتتا سۇلتان ھۇسەيىن باھادىرخانىغمۇ تەييار بولغان تاماقتىن ھەركۇنى ئۇچ قېتىم يەتكۇزۇلەتتى. تەرەپ-تەرەپتىن كەلگەن ماشايىخ ۋە ئۇلىمالار

ھەزرىتى پەھلىۋاندىن تەلىم ئېلىپ بەش-ئون يىل تۇرۇپ قالاتتى. ئۇ سېخىلىكتە ھاتەم تەيدىنىمۇ[55] ئېشىپ كېتەتتى. ئۇ ھەزرىتى جامى بىلەن يېقىن ئۆتەتتى، تەساۋۋۇفتا ئۇنىڭدىن مەخسۇس ئىلتىپاتلار كۆرگەن ئىدى. ئاللاتائالا بىر قەترە خۇنىدىن تۇرەلگەن بىر بەندىسىگە شۇنچىلىك كامالەت ۋە قابىلىيەت ئاتا قىلغان ئىدىكى، ئۇ بىردىن-بىر ياراتقۇچىغا يۈز مىڭ ھەمدۇ-سانا ئوقۇش كېرەك! بۇ ئەزىزنى پادىشادىن گادايغىچە دوست تۇتمايدىغان ئادەم يوق ئىدى. ھەرقانداق كىشى ئۇنىڭ بىلەن مۇئامىلە قىلسا، پەھلىۋانىنىڭ مەندىن يېقىن دوستى يوق، دەپ ئويلاپ قالاتتى. مىڭ-مىڭلىغان كىشىلەر بۇ ئەزىزنىڭ قولىدا قۇرئان ياد ئالدى، شەرىئەت ئىلمىنى ئۆگىنىپ ئالىم بولدى. ئۇ ھەربى ئىلمىدە سۇلتان ھۈسەيىن باھادىرخاننىڭ پۈتۈن قوشۇنىغا ئۇستاز ئىدى. ئۇ، شائىرلارنىڭمۇ ئۇستازى ئىدى. مۇزىكا ئىلمىدىمۇ ھەر خىل مۇقاملارنى ۋە مىڭلىغان شاگىرتلارنى يادىكار قىلدى. تەرىقەتتە ھەر خىل ئۇلۇغ شەيخ ۋە ھۆرمەتلىك ئەۋلىيالارنىڭ پىرى ئىدى. شۇ زاماندا دۇنيا بويىچە ئۇنىڭدەك باي يوق ئىدى. ھۈسەيىن باھادىرخان ئۇنىڭسىز ئولتۇرۇش ئۆتكۈزمەيتتى، ئۇنىڭ مەسلىھەتىسىز ئىش قىلمايتتى. پەھلىۋان بىر كۈنى تۇيۇقسىزدىن بىھوش بولۇپ يىقىلغىنىچە ئالەمدىن كەتتى. پادىشادىن گادايغىچە پۈتۈن خوراسان خەلقى ھازىدار بولۇپ، گويا قىيامەت قايىم بولغاندەك بىر ئەھۋال يۈز بەردى. ئۇزى ھايات ۋاقتىدا راسلاپ قويغان ۋە ھەر كېچىسى كىرىپ ئىستىقامەت قىلىپ كەلگەن نىمەتى ئاباتتىكى يەرلىكىگە ھىجرىيە 899-يىلى (مىلادى 1443—1444-يىلى) دەپنە قىلىندى. (ئايەتنىڭ مەنىسى) "بىز ئاللانىڭ، ئاللا تەرەپكىلا قايتىمىز".

**ئون بەشىنچى پىرى** ھەزرىتى مەۋلانە لۇتفىدۇر. بۇ ئەزىز مۇشۇ موغۇلىستاندىن [56] ئىدى، ئۇ ئالىملىقتا ھەزرىتى ئەبۇ نەسىر فارابىدەك، ھېكىملىقتا ھەزرىتى ئىبنى سىنادەك، شائىرلىقتا ھەزرىتى ئەمىر نىزامىدىن ئەلىشىر ناۋائىيدەك، نەغمىچىلىكتە قىدىرخاندەك ئىدى. بۇ ئەزىز بىلمەيدىغان ئىلىم يوق ئىدى. زاماننىڭ ئەڭ كاتتا ئالىمى ئىدى. ئۇنىڭ قولىدا 500 دىن ئارتۇق ئالىم ۋە قارى تەربىيىلىنىپ چىقتى، 200 چە كىشى مۇزىكا ئىلمىدە كامالەت تېپىپ ماھارەت كۆرسەتتى. ئۇ 20 دىن ئارتۇق كىتاب يازدى. ھەزرىتى ئەلىشىر ناۋائىي ئىلمىي پاساھەتتە (ئىستىلىستىكا ئىلمىدە) بۇ ئەزىزنى ئۇستازىم دەيتتى. لۇتفى بولسا ھەزرىتى ناۋائىينى سەن مېنىڭ ئۇستازىم دەيتتى ۋە "مېنىڭ ئۆمۈر بويى يازغان 10 مىڭ مىسرا شېئىرىمدىن سېنىڭ ئىككى مىسرا شېئىرىڭ ئارتۇق" دەيتتى. ھىجرىيە 878 ـ يىلى (مىلادى 1473 ـ يىلى) ۋاپات بولدى.

**ئون ئالتىنچى پىرى** ھەزرىتى يۇسۇپ سەككاكىدۇر.[57] بۇ ئەزىزمۇ ھەممە ئىلىمدە ھەزرىتى فارابى ۋە ھەزرىتى لۇتفىدەك ئىدى. مىڭلىغان تالىپلار ئۇنىڭ قولىدا تۈرلۈك ـ تۈرلۈك ئىلىملەرنى ئۆگىنەتتى. مەنتىق ئىلمىدە، ئىلمىي پاساھەت ۋە ئىلمىي بەلاغەت (ناتىقلىق ئىلمى)دە ئەسىرنىڭ يەكتاسى ئىدى؛ شېئىرىيەت ئىلمىدە بۇ موغۇلىستاندىن چىققان مۇتەپەككۇرلەرنىڭ ھەممىسىدىن ئۈستۈن ئىدى، پاساھەت ۋە بالاغەت ھەققىدە، بولۇپمۇ قۇرئاننىڭ پاساھەت ۋە بالاغەتى ھەققىدە «تەلخىس» (ئومۇمى بايان) ناملىق بىر كىتاب تۈزدى، مۇزىكا ئىلمى بويىچە رىسالىلەر يازدى. ھازىرغىچە نەغمىچىلەر ئارىسىدا مەشھۇر بولۇپ كېلىۋاتقان بايات ناملىق مۇقامنى شۇ ئەزىز ئىجات قىلىپ شاگىرتلىرىغا ئۆگەتكەن ئىدى.

ئون يەتتىنچى پىرى مەلىكەئى ئامانىسا خىنىم [58] ئىدى. بۇ خىنىم سۇلتان ئابدۇرىشىتخاننىڭ خانىشى ئىدى. ئۇ ئۆز دەۋرىنىڭ يىگانە شائىرەسى بولۇپ، «دىۋان نەفسى» (نەفسى شېئىرلىرى توپلىمى) ناملىق شىرىن بىر كىتاپنى يازغان ئىدى. خەتتاتلىقتا ئۈستۈن ماھارەتكە ئىگە ئىدى، مۇزىكا ئىلمىدىمۇ شۇنداق كامالەت ئىگىسى ئىدىكى، سۇلتان ئۇنىڭغا تاقەتسىز ئاشىق ۋە ئىختىيارسىز شەيدا بولغان ئىدى. سۇلتاننىڭ بۇ مەلىكىنى ئۆز نىكاھىغا ئېلىش ۋەقەسى مۇنداق بولغان ئىدى: سۇلتان ئۆز ۋەزىر ـ ئەمىر ۋە لەشكەرلىرى بىلەن پايتەختى يەركەندىن ئاتلىنىپ چىقىپ، تارىم دەرياسىنى بويلاپ، تەكلىماكان دەشتىگە شىكارغا يۈزلەندى ۋە نەچچە كۈن شۇ ئەتراپتا بولدى. سۇلتاننىڭ كېچىلىرى دىخانچە ساددە كىيىملەرنى كىيىپ قونۇچى مۇساپىر سۈپىتىدە سەھرا ياقىلىرىدىكى ئۆيلەردە غېرىۋانە قونىدىغان ۋە شۇ يول بىلەن ئەمەلدارلارنىڭ رەئىيەلەرگە زۇلۇم ـ سەتەم قىلىغانلىغىنى تەكشۈرىدىغان ئادىتى بار ئىدى. بىر كۈنى سۇلتان شۇ يوسۇندا ئەكرەم ئاتلىق بىر مەھرىمى بىلەن بىر خارابە ئۆيگە قونۇچى سۈپىتىدە كىردى. بۇ ئۆي مەھمۇت ئاتلىق بىر ئوتۇن ـ چىنىڭ ئۆيى ئىدى، بۇ مەلىكە بولسا شۇ مەھمۇتنىڭ قىزى ئىدى. سۇلتان ئۆينىڭ بۇلۇڭىدا تۇرغان بىر تەمبۇرنى كۆرۈپ قېلىپ مەھمۇتتىن تەمبۇر چېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. مەھمۇت: "مەن تەمبۇر چېلىشنى بىلمەيمەن، مۇشۇ قىزىمىز ماڭا تەمبۇر ئېلىپ بەر دەپ خاپا قىلىپ ئالدۇرغان، قىزىم چالىدۇ"ـــ دەپ جاۋاپ بەردى. سۇلتان: "ئەمىسە، قىزىڭىز چېلىپ بەرسۇن"ـــ دىدى. مەھمۇت قىزىغا ئەمىر قىلدى. قىز تەمبۇرنى ئېلىپ پەنجىگاھ مۇقامىغا شۇنداق چالدىكى، سۇلتان ھەيران قالدى، بولۇپمۇ قىز ئۆزى يازغان بىر

شېرنى مۇقامىغا سېلىپ ئوقۇغانىدا، سۇلتان قىزنىڭ مۇھەببىتىدە كۆيۈپ، بىھۇش بولۇپ كەتتى. شېرنىڭ باشلانما بېيىتى مۇنداق ئىدى (**مەنىسى**):

خۇدا ساڭا يۈز شۈكرى، بىزگە ئادىل پادىشا بەردىڭ،
پېقىر-مىسكىنگە ئابدۇرىشتخاننى پانا قىلدىڭ.

بۇ غەزەلنىڭ چۈشۈرگە بېيىتى مۇنداق باغلانغان ئىدى(**مەنىسى**):

ئەي نەفىسى، ئۇلۇغ تەڭرىگە كېچە-كۈندۈز دۇئا قىلغىن،
ئەگەر شاھ ھەققىدە دۇئا قىلمىساڭ، قاتتىق گۇنا قىلغان بولىسەن.

غەزەل تامام بولۇشىغا سۇلتان ئالدىراپ: "نەفىسى دىگەن شائىر كىم؟ سىز بۇ غەزەلنى نەدىن ئۆگەنگەن؟"— دەپ سورىغان ئىدى، قىز: "خەقنىڭ غەزىلىنىمۇ ياد ئېلىپ ئوقۇمىدىكەن، مەن ناۋايى، فۇزۇلى[59]، زەلىلىنىڭ[60] شېرلىرىدىن باشقىنى ئوقۇمايمەن، بۇ غەزەل ئۆزەمنىڭ، نەفىسى مېنىڭ تەخەللۇسۇم"— دەپ جاۋاپ بەردى. سۇلتان ئۇنىڭ نەچچە ياشقا كىرگەنلىگىنى سورىدى. ئاتىسى: "13 ياشقا كىردى"— دەپ جاۋاپ بەردى. سۇلتان تېخىمۇ ھەيران بولدى. ئاڭغىچە، ئامانىسا خېنىم قوپۇپ، ئۆزى يازغان بىرنەچچە شېرلارنى ئەكېلىپ كورسەتتى. خېتىنىڭ ھۆسنى ئۆزىنىڭ ھۆسنى بىلەن بەسلىشەتتى. پادىشانىڭ بۇ خەتنى شۇنچە كىچىك نارىسىدىنىڭ يازغىنىغا ئىشەنگۈسى كەلمەي: "قېنى ئەمىسە، مەن قاراپ تۇراي، بىر شېر يېزىپ بېقىڭ"— دىگەن ئىدى، قىز دۆۋەت-قەلەم ۋە قەغەز

ئېلىپ كېلىپ تووۋەندىكى بېيتنى يازدى (مەنىسى):

خۇدا، بۇ بەنـدە ماڭـا تولـىمۇ گۇمانـلىق كوزدە قارىدى،
گۇيا بۇ ئويدە بۇگۇن ئاخشام مەن ئۇچۇن بىر تىكەن ئۇندى.

سۇلتان كۇلۇپ: "ئىشەنـدىم، مېنى مەسـخىرە قىلماڭ"ــ دېدى ۋە مەھرىمى بىلەن تاشقىرىغا چىقىپ: "بىز ھىلى كېلىمىز"ــ دەپ كېتىپ قالدى. ئۇ لەشكەرگاھىغا بېرىپ، ۋەزىر ـ ئەمىرلەرگە بولغان ئەھۋالنى بايان قىلدى. بېشىغا تاج كىيىپ، ئۇستىگە دەۋاج ياپتى. دەرھال ئون قوي ۋە شايى ـ ئەتلەسلەر تەييارلانـدى، تۇن يېرىمىدا قىرىق كىشى مەھمۇتنىڭ ئۇيىگە كېلىپ مەقسەتـنى بايان قىلـدى. پادىشا ئۆزىنى ئاشكارا قىلىپ، توي قىلىـپ قىزنى نىكـاھىغا ئالـدى. بۇ مەلىكە 20 يىل پادىشانىڭ نىكاھىـدا تۇردى. خۇدايـتائالا بۇ قىزغا شۇنداق ئەقىل ـ پاراسەت ئاتا قىلغان ئىدىكى، تەرىپلەپ ئولـتۇرۇش- نىڭ ھاجىتى يوق. «دىۋان نەفسى»نى يازدى، خـوتۇن ـ قىـزلارغا نەسىھەت قىلىش مەزمۇنىدا «ئەخلاقى جەمىـلە» (گۇزەل ئەخـلاق) ناملىق بىر كىتاپنى يازدى، «شورۇھـۇلـقۇلۇپ» (قەلبلەر شەرھى) ناملىق بىر رىسالە يازدى، شائىرلىق، نەغـمىچىلىك ۋە خەتـتاتـلىق توغرىـسىدا بۇنىڭدەك مەنىلىك كىتاپ ئاز. «ئىشرەت ئەنگىز» (شاتلىق قوزغىغۇچى) ناملىق بىر مۇقامنىمۇ بۇ مەلىكە ئىجات قىلـغان ئىدى. كۇچلۇك رەشك يۇزىـسىدىن سۇلتان بۇنى ئۇز نامىـدا قىلىـۋالغان ۋە شۇ بويىچە نەغمىچىلەرگە ئۇگىتىلگەن. بۇ مەلىكە 34 يېشىدا تۇغۇتتا ۋاپات بولغان، دېيىلىدۇ. مەلىكە ئالەمدىن ئوتكەندىن كېيىن، سۇلتان ئۆزىنى ئولتۇرگۇدەك ھالەتكە يېتىپ، سەۋدايىلىق كېسىلىگە مۇپـتىلا

بولدی، سۇلتان ئاخىر يىغلاپ ئالەمدىن ئۆتتى، دىيىلىدۇ.

بۇلاردىن كېيىن مۇقام، غەزەل ئىجات قىلغۇدەك بىر ئۇستازنىڭ ئالەمگە كەلگەنلىكى مەلۇم ئەمەس. شۇنى بىلىش كېرەككى، نەينى جەمشىت پادىشانىڭ مەشھۇر خوتۇنى مەلىكە دىلسۇز[61] كەشپ قىلدى. سۇنەينى ئاۋال كەيقىباد شاھنىڭ نەزىرىدە لەشكەرلىرى ئارىسىدا ئەردىشىر ئاتلىق بىر كىشى بۇغا مۇڭگۇزىدە ياساپ چالدى. نوشىرۋانىنىڭ[62] زامانىسىدە ياغاچتا سۇنەي ياساپ چالدى. داپنى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا دىۋىلەر ياساپ بەردى. ناغرا ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن زامانىدا كەشپ بولدى. دىيىلىدۇ. (دۇئانىڭ مەنىسى) "بۇ كىتاپ بەك بىلگۈچى ئاللانىڭ ياردىمى بىلەن ئاياقلاشتى".

*　　*　　*

يەنە شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، مۇزىكا ئىلمىنىڭ ئۇستازلىرى ھەر ئەسىر، ھەر شەھەردە يۇزلەپ بەلكى مىڭلاپ ئۆتكەن. ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئەھۋالاتىنى بايان قىلىش بۇ قىسقا رىسالىگە سىغمايدۇ. شۇڭا مىڭدىن بىرى تاللاپ ئېلىندى، يەنى بىرەر ناخشا ـ مۇقام ئىجات قىلغان ياكى بىرەر چالغۇ ئەسۋاۋى ياسىغان ياكى بۇ ئىلىم توغرىسىدا بىرەر رىسالە يېزىپ داڭ چىقارغانلىرىلا قىسقىچە تونۇشتۇرۇلدى.

خۇدايىمغا يۈز مىڭ سانا ۋە تەشەككۈر،
يەنە ئۇنىڭغا چەكسىز ھەمدۇ ۋە شۈكۈر.

ئەلىشىر ھېكىم بەككە ئەمەل بەردى،
ئۇنى خوتەن خەلقىغە پادىشا قىلدى.

ئۇ مېنى بۇ شاھ دەۋرىدە تورەلدۇردى،
بېشىمغا كۆلا، ئۇستۈمگە جەندە كىيگۈزدى.

زامانە ئادالەتلىك شۇ قەدەر،
بورى ھەم قويلارغا باج تولەر.

ماڭا ئەمىر بولدىكى، تارىخنى يازغىن،
قولۇڭغا دۆۋەت ۋە قەلەمنى ئالغىن.

مەن بۇ ئەمىرگە ئىتائەت قىلدىم،
شېرىن سوزلەرنى يىغىپ جەم قىلدىم.

نەغمىچى ھەقىقىدە رىسالىلا بولسا،
تارىخ ئېتى بار كىتاپلا بولسا،

يىغىپ تۈزدۈم بۇ تارىخنى مەن،
ياخشى دىگەي بۇنى ئوقۇپ ئەھلى خوتەن.

بولسىمۇ ئەقلىم قىسقا، بويۇم پاكار،
خوتەنلىككە قىلدىم بۇنى يادكار.

سەۋەپ بولدى بۇنىڭغا ئەلشىر ھېكىم،
كوپ ئەجرى بەرگەي ئاڭا ئاللا كەرىم.

ئوقۇپ ئاڭلىغانغا بۇدۇر ئىلتىجا:
ئەلشىر ھېكىمگە قىلىڭلار دۇئا.

يەنە مېنىمۇ تۇتۇڭلار ئەستە،
سېخى ئۇلسە بولۇر ئورنى جەننەتتە.

تارىخنىڭ پۈتۈلگەن ۋاقتىن تارىخىن دېدىم،
بىلەلمەسمىكىن دەپ بەكمۇ غەم يېدىم.

تۈگەت سوزنى موجىز غېرىپ بىناۋا،
باشقىچە ئىش توۋت، كىر ئۇلۇغ يولغا.

تامام

1271 ـ يىلى

## ئىزاھلار

[1] ناۋايى — ئەمىر نىزامىددىن ئەلىشىر ناۋايى. مىلادى 1441 ـ يىلدىن 1501 ـ يىلغىچە ياشاپ، ئۇيغۇر ۋە ئۇزبەك ئەدەبىياتىنىڭ بىكى تارىخىي دەۋرىنى ئاچقان بۈيۈك ئالىم، مۇتەپەككۇر، شائىر، دولەت ۋە جامائەت ئەربابى.

ناۋايى مىلادى 1441 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى بۈرۈنقى غەربىي چاغاتاي خانلىغىنىڭ ھىرات شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ پارس، ئەرەپ تىللىرىنى، شەرق ئەللىرى تارىخىنى، ئىسلام پەلسەپىسى ۋە قانۇنلىرىنى، يۇنان پەلسەپىسى ۋە مەدىنىيىتىنى شۇنىڭدەك جۇغراپىيە، ئىلمى نۇجۇم (ئاسترونومىيە) ۋە تۈرك، پارس، ئەرەپ ئەدەبىياتلىرىنى تولۇق ئۆگەنگەن. مىلادى 1472 ـ يىلى ئۇزدىنىڭ ساۋاقدىشى، خوراسان پادىشاسى ھۈسەيىن بايقارا (مىلادى 1470 — 1505 ـ يىللىرى)نىڭ باش ۋەزىرى بولۇپ تەيىنلەنگەن. 1476 ـ يىلى بۇ ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بېرىپ، ھىراتتا "ئىخلاسىيە"، "ئۇنسىيە" خانىقالىرىنى قۇرۇپ مەخسۇس يازغۇچىلىق ۋە ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان.

ناۋايى قەدىمقى ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدا شەكىللەنگەن تۈركى ئەدەبىي تىل — چاغاتاي تىلىدا بىرمۇنچە ئالەمشۇمۇل ئەسەرلەرنى يېزىپ، جاھان ئەدەبىياتى غەزىنىسىگە باھاسىز تۆھپىلەرنى قوشقان. ناۋايى مىلادى 1501 ـ يىلى ھىراتتا ۋاپات بولغان.

[2] لۇتفى — ئەبەيدۇللا لۇتفى. مىلادى 14 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى، 15 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ياشاپ، مىلادى 1465 ـ يىلى ۋاپات بولغان. لېكىن بۇ ئەسەردە ھىجرى 878 ـ يىل (مىلادى 1473 — 1474 ـ يىلى) ۋاپات بولدى دەپ يېزىلغان.

لۇتفى قەدىمقى ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدا شەكىللەنگەن تۈركى ئەدەبىي تىل — چاغاتاي تىلىدا نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان، بولۇپمۇ ئۇنىڭ «گۈل ۋە

نەۋرۇز» ناملىق 2400 مىسرالىق داستانى ئەينى زاماندا پۈتۈن شەرق ئەللىرىگە مەشھۇر ئىدى. ئۇ يەنە مەشھۇر تارىخچى شەرەفىددىن ئەلى يەزدى (مىلادى 1454 - يىلى ۋاپات بولغان)نىڭ تومۇرلەڭ (مىلادى 1335 — 1404 - يىللىرى) ھەققىدىكى «زەپەرنامە» ناملىق پارسچە ئەسىرىنى چاغاتاي تىلىغا تەرجىمە قىلغان.

لۇتفى 99 يىل ئۆمۈر كۆرگەن بولۇپ، ئۆز ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى شۇ زاماندىكى مۇھىم مەدەنىيەت شەھەرلىرىنىڭ بىرى بولغان ھىراتتا ئۆتكۈزگەن. ناۋايى لۇتفى بىلەن ئەسرار بولغان بولۇپ، ئۇنى "ئۇستازىم" دەپ ئاتىغان ھەم شۇ زاماننىڭ "مالىكۇلكالامى" (سۆز پادىشاسى)، "ئۇيغۇر ئىبارىلىرىنىڭ ماھىرى، تۈرك تىلىنىڭ ئۇستىسى" دەپ تەرىپلىگەن.

〔3〕 جەمشىت — مىرزا ئەبۇلقاسىم فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» دېگەن كىتابىدا قەدىمقى ئىران رايونىدىكى پىشادىيان (پىشدادىيان) سۇلالىسىنىڭ 4 - پادىشاسى، شاھ تومرىسىنىڭ ئوغلى دەپ تەسۋىرلىنىدۇ. رىۋايەتتە ئۇ ناھايىتى باتۇر، قەيسەر، ھۈنەرۋەن بىر شاھ بولۇپ، ئىستەخرى شەھرىنى بىنا قىلدۇرغان، ئىچىملىكنى ۋە ھېيت - بايرام قىلىشنى كەشىپ قىلغان دەپ سۆزلىنىدۇ. «شاھنامە» دىگەن كىتابتا يەنە جەمشىتنىڭ مەملىكىتىمىز جۇڭگو بولۇشى شىنجاڭ رايونى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىمۇ بايان قىلىنغان. مەسىلەن، تەخمىنەن مىلادىدىن 10 ئەسىر بۇرۇن جەمشىت ماچىن پادىشاسى ماخان نىڭ بىر قىزىغا ئۆيلەنگەن. ئۇنىڭدىن بەدىۋۇل، ھۇمايۇن دىگەن ئىككى قىز تۇغۇلغان ئىكەن.

〔4〕 سۇلايمان — داۋۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى، يەھۇدى ۋە ئىسلام رىۋايەتلىرىدە پۈتۈن ئىنسانىيەت، ھايۋانات ۋە جان - جانىۋارلارنىڭ ھەم دىۋە - پەرى ۋە مالايىكىلارنىڭ پادىشاسى دەپ تەسۋىرلىنىدۇ.

〔5〕 ئىسكەندەر — ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن، ئىسكەندەر رومى، ئالېكساندىر ماكىدونسكى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. قەدىمقى ماكىدونىيە پادىشاسى فىلىپ II نىڭ ئوغلى. مىلادىدىن بۇرۇنقى 356 - يىلى ماكىدونىيە پايتەختى پىلا شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن. مىلادىدىن بۇرۇنقى 336 - يىلدىن 323 - يىلغىچە ماكىدونىيە پادىشاسى بولغان. ئىلگىر - ئاخىر بولۇپ قەدىمقى يۇنان (گىرىتسىيە)، ئانا-

تولى (هازىرقى تۈركىيە)، ئەرەپ دولەتلىرى، شىمالىي ئافرىقا، ئىران، خوراسان، سىستان، بەلخ، ھىرات قاتارلىق جايلارنى ئىسىۋالغان. مىلادىدىن بۇرۇنقى 323 ـ يىلى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خارەزىم ۋە سوغدى رايونلىرىغا قىلغان ھەربى يۈرۈشىدە مەغلۇپ بولۇپ ۋاپات بولغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىمپىرىيىسىمۇ پارچىلانغان.

〔6〕 ئەلىشىر ھېكىم بەگ ــ مۇھەممەت ئەلىشىر بىننى ئابدۇ مومىنبەگ. مىلادى 1828 ـ يىلى دادىسى ئابدۇ مومىنبەگنىڭ ئورنىغا چىڭ سۇلالىسى ھوكۇمىتى تەرىپىدىن خوتەن ھاكىم بېگى قىلىپ تەيىنلەنگەن. 1864 ـ يىلى خوتەندە مۇفتى ھەبىبۇللاخان ھوكۇمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ھاكىم بەگلىك مەنسىۋىدىن قالدۇرۇلغان. 1865 ـ يىلى ياقۇپبەگ (بەدولەت) مۇفتى ھەبىبۇللا ـ خاننى ئۆلتۈرۈپ، خوتەننى ئىسىۋالغان. ياقۇپبەگ ھوكۇمىتى يوقىتىلغاندىن كېيىن ئەلىشىر ھېكىم بەگ يەنە ھاكىم بەگلىك مەنسىۋىگە تەيىنلىنىپ، 1882 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

〔7〕 «تارىخى رەشىدى» ــ تۇغلۇق تومۇر (مىلادى 1331 ــ 1363 ـ يىل ـ لىرى) خاندىن باشلانغان مۇغۇلىستان خانلىقى (مىلادى 1348ــ1514 ـ يىللىرى) دەۋرى ۋە يەركەن خانلىقىنىڭ دەسلەپكى دەۋرى (مىلادى 1514 ــ 1551 ـ يىللىرى) دىكى شىنجاڭ رايونىنىڭ بىرقەدەر مۇپەسسەل تارىخى بولۇپ، قەشقەرلىق مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر (مىلادى 1500 ــ 1551 ـ يىللىرى) تەرە ـ پىدىن پارس تىلىدا يېزىلغان.

بۇ ئەسەر مىلادى 1838 ـ يىلى مۇھەممەت نىياز بىننى غوپۇربەگ تەرە ـ پىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. ھازىر بۇ تەرجىمە نۇسخىسى سوۋېت ئىت ـ تىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئاسىيا خەلقلىرى تەتقىقاتى ئىنستىتۇتىدا ساقلانماقتا.

〔8〕 «تەۋارىخى تەبىرى» ــ مەشھۇر ئەرەپ تارىخچىسى ئەبۇ جەففار مۇھەم ـ مەت بىننى جەرىر بىننى زەيىت تەبىرى (مىلادى 922 ـ يىلى ۋاپات بولغان) تەرىپىدىن يېزىلغان 4 توملۇق دۇنيا تارىخى. ئەسەردە ئىنسانىيەتنىڭ پەيدا بولغان ۋاقتىدىن تارتىپ ئاپتورنىڭ ۋاپاتىغىچە بولغان تارىخي ۋەقەلەر بايان قىلىنغان، بولۇپمۇ ئەرەپ خەلىپىلىرى، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭ

قاتارلىق جايلارنىڭ تارىخى خېلى تەپسىلى تونۇشتۇرۇلغان. بۇ ئەسەر مىلادى 963 - يىلى ئەرەپ تىلىدىن پارس تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. مەشھۇر ئۇيغۇر تارىخچىسى مۇھەممەت سادىق قەشقەرى (مىلادى 1849 - يىلى ۋاپات بولغان) شۇ چاغدىكى قەشقەر ۋاڭى يۇنۇس تاجىبەگ بىننى ئىسكەندەربەگ بىننى ئايمان خوجىنىڭ پەرمانى بىلەن پارسچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ «تارىخى ئىسكەندەرى ۋە تاجنامەئى شاھى» دەپ نام قويۇپ تارقاتقان.

〔9〕 «تەۋارىخى رەۋزە تۇسسەفا» — بۇ ئەسەرنىڭ ئەسلى نامى «رەۋزە تۇسسەفائى فى سىرەتۇلئەنبىيا ۋە مۇلكى ۋە ئەلخەلافا» بولۇپ، ئىران تارىخچىسى مۇھەممەت ئىبنى خاۋەند شاھ ئىبنى مەھمۇت مىرخوند (مىلادى 1498 - يىلى ۋاپات بولغان) تەرىپىدىن ئەلىشىر ناۋائىينىڭ تەشەببۇسى بىلەن، ئەلىشىر ناۋائىينىڭ "ئىخلاسىيە" خانىقاسىدا يېزىلغان 6 توملۇق ئەسەر. ئەسەردە ئادەم پەيدا بولغاندىن باشلاپ ئاپتور ياشىغان زامانغىچە بولغان ئەرەپ ۋە ئىران تارىخى بايان قىلىنغان. ئۇنىڭدا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭنىڭ شۇ چاغدىكى تارىخىي ئەھۋاللىرىغىمۇ ئالاھىدە ئورۇن بېرىلگەن.

〔10〕 «تەۋارىخى ھوكەما» — ئەسلى نامى «تەۋارىخى ھوكەمائى سەلەف» بولۇپ، بەزىدە «قۇدۇۋەتۇلمۇ ئەررىخىن» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ ئەرەپ تارىخچىسى مەۋلانە شەمسىدىن مۇھەممەت شەھرۇدى (شەھرى زۇرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) يازغان ئىككى توملۇق ئەسەر. 1 - تومىدا ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى پەيلاسوپلار تارىخى، 2 - تومىدا ئىسلام دەۋرىدىكى پەيلاسوپلار تارىخى بايان قىلىنغان.

〔11〕 «تەۋارىخى ئەجەم» — ئەلىشىر ناۋايى تەرىپىدىن يېزىلغان ئىران تارىخى بولۇپ، ئەسلى نامى «تەۋارىخى مۇلكى ئەجەم» (ئىران شاھلىرى تارىخى) دەپ ئاتالغان.

بۇ يەردىكى "ئەجەم" سۆزى ئەسلىدە ئاسىيادىكى غەيرى ئەرەپ مىللەتلىرىنىڭ ئومۇمى نامى بولۇپ، كېيىنچە پەقەت ئىران ھوكۇمرانلىرىنىڭ نامى سۈپىتىدە قوللىنىلغان، ئاخىرىدا پۈتۈن ئىران زېمىنىنىڭ ئومۇمى نامىنى بىلدۈرىدىغان بىر جۇغراپىيىلىك ئاتالغۇ بولۇپ قالغان.

〔12〕«تەۋارىخى ئەرەپ» ــ مۇنــداق نامدىــكى كىــتابلار كوپ بولۇپ، موجىزنىڭ قايسى بىرىنى كوزدە تۇتۇۋاتقانلىغى مەلۇم ئەمەس.

〔13〕 فىساغۇرس ــ يۇنان ئىدىــيالىــست پەيلاسوپى پىپاگور (مىــلادىــدىن بۇرۇنقى 580 ــ 500 ـ يىللىرى)نىڭ ئەرەپچە ئاتىلىــشى. پىپاگور ماتىماتىــكا، مۇزىــكا، بىناكارلىــق، هەيكەلتاراشلىــق ۋە ئاسترونومىيە قاتارلىق پەنلەرنىمۇ تەتقىق قىلغان. پىپاگور پەلــەپىــسىنىڭ ئىسلام ئەللىرىگە جۇملىــدىن ئۇيــغۇر پەلــەپىــسگە بولغان تەسىرى ناهايىتى كۆچلۈك بولغان.

«تەۋارىخى مۇسىقىيۇن»دا: "فىــساغۇرس هەزرىتى ئىسكەنــدەردىن بىر يىل كېيىن ۋاپات بولدى" دېيىلىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن مىلادىدىن بۇرۇنقى 323 ـ يىلى ۋاپات بولغان بولۇپ، فىساغۇرسىنىڭ ۋاپاتىــدىن نەچچە يۈز يىل كېيىنكى ئىش.

〔14〕فارابى ــ ئەبۇ نەسىر مۇهەممەت بىننى تارخان بىننى ئۇزلۇغ فارابى. بۇ مەشهۇر ئالىم مىلادى 870 ـ يىلى دەسىــلەپتە قارلۇق خانــلىغــىغا (مىــلادى 766 ــ 940 ـ يىللىرى)، كېيىنچە قاراخانىلار سۇلالىسىگە مەنسۇپ بولغان فاراپ (ئوترار) شەهىرىدە دۇنياغا كەلگەن. باشلانغۇچ ئىلمىنى شۇ جايــدا ئۇگىنىپ، كېيىن ئىران، باغدات قاتارلىق جايــلارغا بېرىپ پارس، ئەرەپ تىلــلىرىــنى ئۇگەنگەن، پەلسەپە، جۇغراپىيە، زوئولوگىيە، تىبابەتچىلىك، مۇزىــكاشۇناسلىق بويىچە ئىلمي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ ئۆزىنىڭ 80 يىللىق هاياتىدا 120 دىن ئارتۇق چوڭ تومluق ئەسەر يازغان. ئۇنىڭ پەقەت «كىتابۇلئەلخىتابە» ناملىق بىر ئەسىرىلا 20 تومدىن ئىبارەت ئىدى. فارابى ئۆزىــنىڭ ئاخىرقى ئومرىنى دەمەشقتە ئۆتكۈزۈپ، مىلادى 950 ـ يىلى شۇ جايــدا ۋاپات بولغان. فارابىنىڭ جىنازا نامىزىنى ئەينى زاماندىكى هەمەدان پادىشالىغىنىڭ ئۈچىنچى پادىشاسى، فارابىنىڭ شاگىرتى ئەبۇلهەسەن ئەلى بىنــنى ئابدۇلــلا بىنــنى هەمەدانى سەيپۇلدەۋلە (دولەت ئىگىسى) چۈشۈرگەن ئىدى. هازىر فارابىــنىڭ قەۋرىسى دەمەشقتىكى بابۇلسىغىر دېگەن جايدا.

فارابى ئوز دەۋرىدە شىنجاڭ، ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىران ۋە ئەرەپ ئەللىرىگە مەشــهۇر ئالىم بولۇپ، ئوز ئومرىــنىڭ ئاساسي قىسمىنى قەدىمقى يۇنانــدىكى

ئارىستوتىل پەلسەپىسىنى تەتقىق قىلىش بىلەن ئۇنى تۈزگەن ۋە بىر مۇنچە پەلسەپە ئەسەرلىرىنى يېزىپ، "ئىككىنچى ئارىستوتىل" دەپ شوھرەت قازانغان. ئۇ قەدىمقى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركى خەلقلەرنىڭ. شۇنىڭدەك ئەينى زامانىدىكى مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ پەلسەپە ئاساسىنى ئورناتقان بۈيۈك ئالىمدۇر. كېيىنكى دەۋرلەردە فارابىنىڭ نامى ۋە ئەسەرلىرى ياۋروپا ئەللىرىگە كەڭ تارالغان بولۇپ ئەرەپ ۋە ياۋروپا تارىخى ھوججەتلىرىدە "ئەلفارابىۇس" دەپ تىلغا ئېلىنىدۇ.

〔15〕 پەھلىۋان مۇھەممەت كۈشتىنگىر — بۇ كىشى توغرىسىدا «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن»نىڭ ئۇزىدە خېلى تەپسىلى مەلۇمات بېرىلگەن.

〔16〕 نوھ ئەلەيھىسسالام — يەھۇدى، خىرىستىيان دىنلىرىنىڭ مۇقەددەس كىتاۋى — «ئىنجىل»دىكى ئەپسانە بويىچە، توپان سۈيى يەر يۈزىدىكى بارلىق ھاياتلىقنى ۋەيران قىلغاندىن كېيىنكى ئىنسانىيەتنىڭ ئەجدادى. «ئىنجىل»دا رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئاللا ئىنسانلارنىڭ گۇنالىق ئىشلىرى سەۋەبىدىن يەر يۈزىنى توپان بالاسى بىلەن ۋەيران قىلىش ئالدىدا، نوھ ئەلەيھىسسالامغا بىر كېمە ياساپ پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن شۇ كېمىگە چىقىۋېلىش ۋە ھەر جىنستىكى ھايۋانلاردىن بىر جۈپتىن ئېلىۋېلىش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىدۇ. نەتىجىدە، يەر يۈزىدىكى پۈتۈن ھاياتلىق توپان سۈيىدە ھالاك بولۇپ، پەقەت نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسى بىلەن كېمىگە چىقىرىۋېلىنغان جان-جانىۋارلارلا ئامان قالىدۇ. 150 كۈنلۈك توپان بالاسىدىن كېيىن، نوھ بىر كەپتەرنى قويۇپ بېرىدۇ. كەپتەر بىر تال يېڭى زەيتۇن شېخىنى چىشلەپ قايتىپ كېلىدۇ. نوھ توپان بالاسى ئاخىرلىشىپ جاھان تىچلانغانلىقىنى بىلىدۇ ۋە ئالالا تېزدىلا قىرغاققا چىقىدۇ. يەر يۈزىدە ئىككىنچى قېتىملىق ھايات باشلىنىدۇ. ياۋروپالىقلارنىڭ كەپتەرنى تىچلىق سىمۋولى قىلىشى ئەنە شۇنىڭدىن قالغان.

بەزى رىۋايەتلەردە نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ھام، سام، يافەس ناملىق ئۈچ ئوغلى بولۇپ، ھازىرقى ئىنسانىيەت شۇ ئۈچ ئوغۇلدىن بولغان، تۈركى خەلقلەر يافەسنىڭ ئەۋلادى، تۈرك بولسا خەرىزدىن تۇغۇلغان دەپ سۆزلە-

ندۇ. ئىسلام تارىخچىلىرى ئىنسانىيەتنىڭ پەيدا بولۇشىنى هامان مۇشۇ رىۋايەت بويىچە چۈشەندۈرىدۇ، جۈملىدىن «تەۋارىخى مۇسقىيۇن»نىڭ ئاپتورىمۇ مۇشۇ رىۋايەتنى ئاساس قىلغان.

〔17〕 **يافەس** — ئىزاھ 〔16〕غا قارالسۇن.

〔18〕 **تۈرك** — ئەسلىدە خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شىمالى، موڭغۇل يايلاقلىرى ۋە سىبىرىيىنىڭ جەنۇبى، هازىرقى شىنجاڭ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە باشقا جايلاردا ياشايدىغان ئالتاي تىل سىستېمىسى تۈركى تىللىرى ئائىلىسىدىكى قەبىلە ۋە مىللەتلەرنىڭ ئومۇمى نامى بولۇپ، دولىتىمىزنىڭ قەدىمقى تارىخىي هوججەتلىرىدە "دى" (狄)، "بېي دى" (北狄)، "دى لى" (狄历)، "دىڭ لىڭ" (丁零)، "تيې لې" (铁勒)، "تۈكيۈ" (突厥) دەپ تىلغا ئېلىنغان. بۇلارنىڭ هەممىسى "تۈرك" سوزىنىڭ خەنزۇچە ئاهاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، تۈركلەر مەملىكىتىمىزدىكى ئەڭ قەدىمقى قەبىلە ۋە مىللەتلەرنىڭ بىرى. تۈركلەر مىلادى 552 ـ يىلى شەرقتە چاۋشيەن، غەرپتە كاسپى دېڭىزى، جەنۇپتا سەددى چىنى، شىمالدا بايقال كولىگىچە بولغان جايلاردا تۈرك خانلىقىنى قۇرغان. مىلادى 630 — 659 ـ يىللىرى ئارىلىقىدا تاڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلغان. لېكىن «تەۋارىخى مۇسقىيۇن»دا تۈرك يافەسنىڭ ئوغلى دەپ كورسىتىلگەن.

〔19〕 **خەرىز** — ئىزاھ 〔16〕غا قارالسۇن.

〔20〕 **سۇررى** — هازىرقى لىۋاننىڭ پايتەختى بېيرۇت شەهرىنىڭ جەنۇبىدىكى بىر قەدىمىي شەهەرنىڭ نامى. تارىخىي هوججەتلەردە بۇ شەهەر مىلادىدىن بۇرۇنقى 2751 ـ يىلى بىنا قىلىنغان دېيىلىدۇ. بۇ شەهەر مىلادى 1202 ـ يىلى قاتتىق يەر تەۋرەشتە ۋەيران بولغان. «تەۋارىخى مۇسقىيۇن»دا فىساغورس سۇررى شەهرىدىن ئىدى، دەپ يېزىلغان. لېكىن ئىشەنچلىك تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، فىساغورس قەدىمقى يۇناننىڭ سېسام شەهرىدە (ئانا تولى يېرىم ئارىلىنىڭ غەربىدە كىرىتسىيىگە قارايدىغان بىر ئارال) دۇنياغا كەلگەن.

〔21〕 بۇ يەردە پەرەڭىستاننىڭ بۇرۇنقى نامى ئەنتاكىيە دەپ ئاتىلاتتى دېيىلگەن. لېكىن ئەمەلىيەتتە پەرەڭىستان بىلەن ئەنتاكىيە تارىختا باشقا ـ باشقا

جايلارنىڭ نامى. "پەرەڭىستان" دىگەن سوز ئەسلىدە "ئېۋرۇپپەن" (ياۋروپالىقلار) سوزىنىڭ ئەرەپچە ئاھاڭ تەرجىمىسى بولغان "ئېفرەنج" سوزىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، دەسلەپتە ئەرەپلەر بىلەن كوپرەك ئالاقە قىلىپ تۇرىدىغان شەرقىي ياۋروپا ۋە جەنۇبىي ياۋروپا زىمىنىنى كورستەتتى. كېيىنكى زامانلاردا بولسا، پەقەت فرانسىيىنىلا كورستىدىغان جوغراپىيىلىك ئاتالغۇ بولۇپ قالغان.

"ئەنتاكيىە" بولسا، ھازىرقى تۇركىيىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان بىر قەدىمىي شەھەرنىڭ نامى.

[22] كەيقباد — مىرزا ئەبۇلقاسىم فىردەۋسى تەرىپىدىن يېزىلغان «شاھنامە» ناملىق ئەسەردە قەدىمقى ئىران كيانىيان سۇلالىسىنىڭ تۇنجى پادىشاسى دەپ تەسۋىرلىنىدۇ. رىۋايەتتە ئۇ ئەفراسياپ ئىراندىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن تەختكە چىققان، دىيىلىدۇ. بەزى رىۋايەتلەردە بۇ كەيقباد قەدىمقى ئىران مىدىيا (مىلادىدىن بۇرۇنقى 10 — 6 - ئەسىرلەر) سۇلالىسىنىڭ بىر ھوكۇمرانى بولۇپ، مىلادىدىن بۇرۇنقى 700 - يىللىرى ئەتراپىدا تەختكە چىققان ھەم ئىراندىكى ھەمەدان شەھرىنى بىنا قىلغان دىيىلىدۇ. شۇنىڭدەك قەدىمقى رىم (ۋىزانتىيە) پادىشالىقىنىڭ 10 - پادىشاسى غىياسىددىن كەيخسرو-ئالائىددىن كەيقباد ئەۋۋەل (مىلادى 636 - يىلى ۋاپات بولغان) ۋە 15 - پادىشاسى ئالائىددىن كەيقباد سانى (مىلادى 700 - يىلى ۋاپات بولغان) دىگەن كىشلەرمۇ ئوتكەن. «تەۋەرىخى مۇسقىيۇن»دا قايسى كەيقباد نەزەردە تۇتۇلغانلىقى نامەلۇم.

[23] بالاساغۇن — ھازىرقى سوۋېت ئىتتىپاقى ئىسسىق كول بويىغا جايلاشقان توقماق شەھرى يېنىدىكى بىر قەدىمىي شەھەر. تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، بۇ شەھەر تۇرك قەۋملىرىگە مەنسۇپ بولغان بويلاسانغۇن (بويلا جاڭجۇن) تەرىپىدىن بىنا قىلىنغان. بۇ شەھەر تارىختا ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ قارلۇق خانلىقى (مىلادى 766 — 940 - يىللىرى)، قاراخانىلار سۇلالىسى (مىلادى 932 — 1219 - يىللىرى)، قارا خىتاي خانلىقى (مىلادى 1131 — 1219 - يىللىرى)نىڭ پايتەختى بولغان. «تەۋارىخى مۇسقىيۇن»دا بالاساغۇن

ئالتاي تەۋەسىگە كىرگۈزۈلگەن، بۇ يەردە قارلۇق قەبىلىسىنىڭ ئەسلى ماكانى نەزەردە تۇتۇلغان بولۇشى مۇمكىن.

[24] ئىمام مۇھەممەت غەززالى — زەيىنىددىن ئەبۇھامىد مۇھەممەت ئىبنى ئەخمەت تۇسى. مىلادى 1059 ـ يىلى خوراساننىڭ تۇس شەھىرىگە قاراشلىق غەززالە دىگەن جايدا دۇنياغا كېلىپ، مىلادى 1111 ـ يىلى ۋاپات بولغان. ئۇ، شۇ چاغدىكى مەشھۇر ئىسلام پەيلاسوپى بولۇپ، تەرىقەتچىلىك (سوفىزىم) بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ "ئەنئەنىچىلەر" دەپ ئاتالغان سۈننى مەزھىبىنىڭ كوزقاراشلىرىدىكى بىرلىكنى تەكىتلەپ، تەرىقەتچىلىكنىڭ مۇھىم كوزقاراشلىرىغا ئاساس سالغۇچىلارنىڭ بىرى.

[25] ئىمام پەخرى رازى — ئەبۇ ئابدۇللا مۇھەممەت بىننى ئەلتەمىلىكە بىرى پەخرى رازى. مىلادى 1149 ـ يىلى دۇنياغا كېلىپ، 1209 ـ يىلى ھىراتتا ۋاپات بولغان مەشھۇر ئەرەپ پەيلاسوپى. ئۇ ئوز ئومرىدە ئاساسەن ئىسلام پەلسەپىسى (تەفسىرچىلىك)، تىبابەتچىلىك، ئىلمىي رىيازەت (ماتىماتىكا)، ئىلمىي مەنتىق (لوگىكا) قاتارلىق پەنلەرنى تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللانغان ۋە بىرمۇنچە ئەدىبىي ئەسەرلەرنىمۇ يازغان. ئۇ ئوز ئومرىدە 100دىن ئارتۇق كىتاپ يېزىپ "شەيخۇل ئىسلام" دىگەن شوھرەتكە ئىگە بولغان.

[26] ئىبنى سىنا — ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا. ئۇ مىلادى 980 ـ يىلى بۇرۇنقى سامانىلار سۇلالىسى (مىلادى 875 — 999 ـ يىللىرى)نىڭ پايتەختى بۇخارانىڭ يېنىدىكى بىر قىشلاقتا دۇنياغا كەلگەن. مىلادى 999 ـ يىلى قاراخانىلار سۇلالىسى سامانىلار سۇلالىسىنى ئۆزىگە قاراتقاندىن كېيىن ئىبنى سىنا بۇخارا، ئورگەنىچ قاتارلىق جايلاردا ئۆگىنىش ۋە ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. كېيىنچە ئىراندىكى ئىسپاھان، ھەمەدان قاتارلىق جايلاردا تىبابەتچىلىك، فىزىكا، ماتىماتىكا ۋە پەلسەپە پەنلىرىنى تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ «ئەلقانۇن»، «كىتابۇلشىپا» قاتارلىق ئەسەرلىرى پۈتۈن شەرق ئەللىرى تىبابەتچىلىكى، جۈملىدىن ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ ئاساسىنى ئورنىتىش بىلەن بىللە، دۇنيا تىبابەتچىلىكى ۋە ئىسلام پەلسەپىسىگىمۇ چوڭقۇر تەسىر كورسەتكەن. ئىبنى سىنا مىلادى 1037 ـ يىلى

ھەمەداندا ۋاپات بولغان.

〔27〕 مەۋلانە ئەلى ــ خوراسان پادىشاسى ھۈسەيىن بايقارا زامانىدا (مىلادى 1470 ــ 1505 ـ يىللىرى) ئۆتكەن ئىران شائىرى بولۇپ، ھۈسەيىن بايقارانىڭ دىۋانخانىسىدا خەتتاتلىق ۋە مۇغەننىچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان. شۇنىڭدەك ئۇ يەنە باشقا بىرمۇنچە لىرىك غەزەللەرنىمۇ يازغان. ئۇنىڭ «ئەسلۇلۋەسل» ۋە «مۇرتاز» نامىلىق ئەسەرلىرى كەڭ تارالغان.

〔28〕 خوراسان ــ قەدىمقى زاماندا ھازىرقى ئىراننىڭ شەرقى، ئافغانىستاننىڭ غەربى، ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارنىڭ ئومۇمى نامى ئىدى. "خوراسان" دىگەن سوز پارسچە "خور" (قۇياش) دىگەن سوزدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، "قۇياش دولتى" ياكى "شەرق دولتى" دىگەن مەنىدە. "خوراسان" دىگەن نام ئىران ساسانىلار سۇلالىسى دەۋرىدە (ملادى 224 ــ 651 ـ يىللىرى) پەيدا بولدى. تومۇرلەڭ زامانىدا خوراسان غەربى چاغاتاي خانلىغىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالغان. مىلادى 1451 ـ يىلى تومۇرلەڭ ئەۋلادى ئابدۇللا بىننى ئىبراھىم ۋاپات بولغاندىن كېيىن، تومۇرلەڭ ئەۋلادى ئەبۇ سەيىد بىننى مۇھەممەت بىننى ئەمىرانشاھ بىننى تومۇر ئوز ئالدىغا مۇستەقىللىق ئېلان قىلىپ خوراسان دولىتىنى قۇردى. بۇ دولەت مىلادى 1510 ـ يىلى ئىران سافاۋىلار سۇلالىسى (مىلادى 1502 ــ 1722 ـ يىللىرى) تەرىپىدىن يوق قىلىندى.

〔29〕 خوجا شاھابىددىن ــ شاھابىددىن ئەبۇ ھەفس ئومەر بىننى مۇھەممەدۇلبەكرى، مەشھۇر ئىران شائىرى، تەرىقەتچىلىك نەزىرىيىچىسى. ئۇ ئوز ھاياتىدا ئىسلام پەلسەپىسى بولۇپمۇ ھەدىس ۋە تەسەۋۋۇپچىلىق ھەققىدە بىرمۇنچە ئەسەرلەرنى يازغان. مىلادى 1444 ـ يىلى ئىراننىڭ شۇھرەۋەردى شەھرىدە تۇغۇلۇپ، ملادى 1534 ـ يىلى باغداتتا ۋاپات بولغان.

〔30〕 ئابدۇللا مەرۋارىت ــ سەمەرقەنتلىك مەشھۇر شائىر ۋە خەتتات بولۇپ، بىر مەزگىل ئىران قاتارلىق جايلاردا ياشىغان. خوراسان پادىشاسى ھۈسەيىن بايقارانىڭ ئوردىسىدا بىر مەزگىل مۇنشى (باش كاتىپ) بولۇپ ئىشلىگەن. "بايانى" دىگەن تەخەللۇس بىلەن «تارىخى شاھى»، «خىسرو ۋە

شىرىن» ناملىق مەشھۇر ئەسەرلەرنى يازغان. مىلادى 1516 ـ يىلى ھىساردا ۋاپات بولغان. لېكىن «تەۋارىخى مۇسقىيۇن»دا ئۇ ھىجرى 881 ـ يىلى (مىلادى 1476 ـ يىلى) ۋاپات بولدى دەپ يېزىلغان.

[31] ھىسار ــ ئاسىيادا بىرقانچە شەھەر بۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ بىرى بۇخارانىڭ شەرقىدىكى قەدىمقى بىر شەھەر. ئىككىنچىسى ھىندىستاندىكى دېھلىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى بىر قەدىمقى شەھەر. يەنە ھازىرقى تۈركىيىدە "قارا ھىسار"دەپ ئاتالغان بىر شەھەرمۇ بار. شىنجاڭدا "يېڭى ھىسار" (يېڭىسار) دېگەن جايمۇ بار. بۇ يەردە بۇخارانىڭ شەرقىدىكى ھىسار شەھىرى نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

[32] جامى ــ نۇرىددىن ئابدىراخمان جامى، مەشھۇر تاجىك ئالىمى، پەيلاسوپى، يازغۇچىسى، تىلشۇناسى ۋە تارىخچىسى. جامى مىلادى 1414 ـ يىلى ئەسلى چاغاتاي خانلىقى تەۋەلىكىدىكى ھىرات شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ خوراسان پادىشاسى ئەبۇسەئىد ۋە ھۈسەيىن بايقارا ئوردىسىدا ئۇزۇن مۇددەت ئىشلىگەن. جامى ئۆز ئۆمرىدە «يۈسۈپ ۋە زۇلەيخا»، «لەيلى ۋە مەجنۇن» قاتارلىق مەشھۇر ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يېزىپ، پۈتۈن مۇسۇلمان ئەللىرى ئوتتۇرىسىدا داڭ چىقارغان. ئەلىشىر ناۋايى جامىنى ئۆز ئۇستازلىرى قاتارىدا ھىسابلايتتى. جامى مىلادى 1492 ـ يىلى ھىراتتا ۋاپات بولغان.

[33] ھىرات ــ ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ غەربىدىكى قەدىمقى بىر شەھەرنىڭ نامى. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 3 ـ ئەسىردىن مىلادى 1 ـ ئەسىرگىچە باكتىرىيە سۇلالىسىنىڭ پايتەختى بولغان ۋە "ھىرى" دەپ ئاتالغان. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 4 ـ ئەسىردە ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن تەرىپىدىن ئىستىلا قىلىنغان. مىلادى 7 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئەرەپ خەلىپىلىكى تەرىپىدىن ئىستىلا قىلىنغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئاسىيا قىتئەسىدە مۇھىم ئىسلام مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغان. مىلادى 15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يېرىمىدا خوراسان دۆلىتىنىڭ پايتەختى بولغان.

[34] مۇھەممەت خارەزمى ــ غەربىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ مەشھۇر ئىسلام پەيلاسوپى بولۇپ، مىلادى 1448 ـ يىلى ۋاپات بولغان. ئۇ تەفسىرچىلىكتە

ناھايىتى شوھرەت قازانغان ۋە "ئۇستاد مۇھەممەت" دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭ چاغاتاي تىلىدا يازغان بىرمۇنچە شېئىر ـ غەزەللىرى شۇ چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ناخشا ـ مۇقام تېكىستلىرى قىلىنغان ئىدى.

[35] نەمان سەمەرقەندى ــ مىلادى 15 ـ ئەسىردە غەربىي چاغاتاي خانلىقىدا ئۆتكەن مەشھۇر شائىر، غەزەلچى، مۇزىكا ئۇستازى ھەم مەشھۇر ئىسلام پەيلاسوپى. ئۇ مەۋلانە شەمسىددىن تەبرىزى بىلەن بىللە ئىمام مۇھەممەت غەززالى ۋە جالالىدىن رومى (مىلادى 1207 ــ 1273 ـ يىللىرى) قاتارلىقلارنىڭ ئىسلام پەلسەپىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئىسلام دىنى سۈننىي مەزھىبى بىلەن تەرىقەتچىلىكنىڭ قارىمۇ ـ قارشىلىقىنى كېلىشتۈرۈشكە ئۇرۇنغان. ئۇ يەنە مىلادى 10 ـ ئەسىردە ئەرەپ خەلىپىلىكىدە پەيدا بولۇپ، كېيىنچە ئافغانىستان، پاكىستان ۋە غەربىي ھىندىستان قاتارلىق جايلارغا تارالغان تەرىقەت مەسلىكى ــ "چەشتىيە" مەزھىبىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن نۇرغۇن ھەركەت قىلغان. مىلادى 1461 ـ يىلى سەمەرقەنتتە ۋاپات بولغان.

[36] مەۋلانە شەمسىددىن تەبرىزى ــ شەمسىددىن مۇھەممەت بىننى ئەلى بىننى مۇلك. مىلادى 15 ـ ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر تەرىقەت نەزىرىيىچىسى، ئىمام مۇھەممەت غەززالى ۋە جالالىدىن رومى قاتارلىقلارنىڭ تەرىقەتچىلىك نەزىرىيىسىنىڭ ئاساسلىق ۋارىسى. ئۇ كۆپرەك ۋاقتىنى سەمەرقەنتتە ئۆتكۈزۈپ، مەۋلانە نەمان سەمەرقەندى بىلەن بىللە تەرىقەتچىلىكنى كېڭەيتىش ئۈچۈن نۇرغۇن ئىشلارنى قىلغان ۋە نۇرغۇن شېئىر ـ غەزەللەرنى يازغان. ئۇ نامەلۇم بىر شەخس تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. تۇغۇلغان ۋە ئۆلگەن ۋاقتى نامەلۇم.

[37] چەشتىيە ــ مىلادى 10 ـ ئەسىردە تەرىقەت ئۇستازلىرىنىڭ بىرى ئۇۋەج ئىسھاق شامى (مىلادى 940 ـ يىلى ۋاپات بولغان) تەرىپىدىن تۇرغۇزۇلغان تەرىقەتچىلىك مەزھەپلىرىدىن بىرى، ئىزاھ [35] گە قاراڭ.

[38] مەۋلانە ساھىپ بەلخى ــ تارىخىي ھۆججەتلەردە يېزىلىشىچە، ئۇ مىلادى 15 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئىران شائىرى بولۇپ، ھۈسەيىن بايقارا ھەم ئەلىشىر ناۋايى قاتارلىقلار بىلەن سوھبەتداش بولغان، ئۇلارنىڭ نۇرغۇن مەجلىسلىرىگە قاتناشقان. «تەۋارىخى مۇسقىيۇن»دا ئۇنىڭ كابۇلدا بابۇر شاھ

ھوزۇردا ئىشلىگەنلىكى ۋە ھىجرى 844 ـ يىلى (ملادى 1440 ـ يىلى) نەغمە ئۇستىدە ۋاپات بولغانلىقى بايان قىلىنغان. بۇ يەردە بىر ئېنىقسىزلىق بار. چۈنكى بابۇر شاھ ملادى 1482 ـ يىلى دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ كابۇلدا تۇرغان ۋاقتى ملادى 1504 ـ يىلدىن كېيىنكى يىللارغا توغرا كېلىدۇ.

〔39〕 بابۇر شاھ ــ زاھىرىددىن مۇھەممەت بابۇر شاھ. ئاتا جەمەت تەرەپتىن غەربىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ تۆتىنچى پادىشاسى تومۇرلەڭنىڭ ئەۋلادى، ئانا ـ جەمەت تەرەپتىن مۇغۇلىستان خانلىقىنىڭ 9 ـ پادىشاسى ئۇستاد يۇنۇسخاننىڭ نەۋرىسى. بابۇر شاھ ملادى 1482 ـ يىلى مۇغۇلىستان تەۋەلىكىدىكى پەرغانىدا دۇنياغا كەلگەن. 1492 ـ يىلى دادىسى ئومەرشەيخ ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىپ، پەرغانە ۋالىسى بولۇپ تەيىنلەنگەن. كېيىنچە ئۆزبېك خانلىقىدىن شەيبانىخان (ملادى 1450 ــ 1510 ـ يىللىرى) سەمەرقەنت رايونىنى بېسىۋېلىپ، غەربىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ ھاكىمىيىتىنى تارتىۋالغان ھەم مۇغۇلىستان تەۋەلىكىگە ھۇجۇم قىلىپ، بابۇر شاھنى پەرغانىدىن قوغلاپ چىقارغان. بابۇر شاھ كېيىنچە ھازىرقى ئافغانىستان، پاكىستان، كەشمىر، ھىندىستان قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلىپ، مۇغۇلىستان خانلىقىغا تەۋەلىك قىلىپ بۈيۈك مۇغۇل ئىمپېرىيىسىنى قۇرغان. ئۇنىڭ «بابۇر نامە» ناملىق چاغاتاي تىلىدا يازغان مەشھۇر ئەسىرى تا ھازىرغىچە زور قىممەتكە ئىگە. بۇ ئەسەر ـ نىڭ شۇ چاغدىكى يەركەن خانلىقىنىڭ ئەدەبىي ـ سەنئەت تەرەققىياتى ئۈچۈن ئەسىرى چوڭ بولغان ئىدى. بۇ ئەسەر بابۇر شاھنىڭ «ئەسرار مۇسىقى» ناملىق مۇزىكا كىتاۋى بىلەن بىللە تېزلا شىنجاڭ رايونىغا تارالغان ئىدى. ھازىر «بابۇر نامە»نىڭ پارسچە، ئىنگلىزچە، رۇسچە تەرجىمىلىرى بار. بابۇر شاھ ملادى 1530 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

〔40〕 كابۇل ــ ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ پايتەختى. قەدىمقى زاماندا شەرق بىلەن غەرپ ئوتتۇرىسىدا ئاساسىي قاتناش تۈگۈنى بولغان. ملادى 1504 ـ يىلى زاھىرىددىن مۇھەممەت بابۇر شاھ تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىپ، ئىككى ئەسىرگىچە مۇغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ تەۋەلىكىدە بولۇپ كەلگەن.

〔41〕 شەيخ سەفائى سەمەرقەندى ــ ناسىر بىننى مۇھەممەت بىننى ئىبرا ـ

ھەم شەيخ سافائى سەمەرقەندى. مىلادى 1408 ـ يىلى سەمەرقەنتتە دۇنيادا كېلىپ، 1469 ـ يىلى ۋاپات بولغان. لېكىن «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن»دا ھىجرى 869 ـ يىلى (مىلادى 1464 ـ 1465 ـ يىلى) ۋاپات بولدى دەپ يېزىلغان. ئۇ مەشھۇر دىنىي پەيلاسوپ ۋە ئەدىب بولۇپ، «ئەلبوستان» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان.

〔42〕 قىدىرخان ياركەندى ــ يەركەن خانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى، شائىر ۋە مۇزىكاشۇناس. ئۇ سۇلتان ئابدۇرىشىتخان ئوردىسىدا باش ۋەزىرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن، سىياسى جەھەتتە يەركەن خانلىقىنىڭ بىرلىكى، تەرەققىياتى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشقان ھەم ئۇيغۇر شائىرى مەۋلانە خۇلقى، ئايازى، نەفسى (ئامانىساخان)، مىرزا مىرەك چالىشى قاتارلىقلار بىلەن بىللە يەركەن خانلىقىنىڭ مەدەنىيىتى بولۇپمۇ ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشقان. ئۇنىڭ «دىۋان قىدىرى» ناملىق بىر شېئىرلار توپلىمى بار ئىدى. قىدىرخان ياركەندى مىلادى 1572 ـ يىلى يەركەندە ۋاپات بولغان.

〔43〕 تەبرىز ــ ھازىرقى ئىراننىڭ غەربىي شىمالىدىكى قەدىمقى بىر شەھەرنىڭ نامى.

〔44〕 ئىسلامبۇل ــ ھازىرقى تۈركىيىنىڭ ئىستامبۇل شەھىرى. ئەرەبلەر دەسلەپتە بۇ شەھەرنى "مەدىنەئى قۇستانتىن" دەپ ئاتىغان. مىلادى 11 ـ ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرىدا ياشايدىغان ئوغۇز قەبىلىسىدىن بولۇپ چىققان سەلجۇق تۈركلىرى ئىران، ئەرەپ خەلىپىلىكىنى ئىشغال قىلىپ بۇ جاينى بېسىۋالغان. مىلادى 1453 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنىدىن باشلاپ ئوسمان تۈرك سۇلالىسىنىڭ پايتەختى قىلىپ بەلگىلەنگەن ۋە "ئىستامبۇل" ئەرەبچە "ئىسلامبۇل" دەپ ئاتالغان. ياۋروپالىقلار يەنىلا "قونستانتىن" دېگەن نام بويىچە "كونستانتىنوپولس" دەپ ئاتايدۇ.

〔45〕 بەلخ ــ ئاسىيادىكى ئەڭ قەدىمقى بىر شەھەر بولۇپ، مىلادى 1221 ـ يىلى چىڭگىزخان تەرىپىدىن ئىستىلا قىلىنغان. مىلادى 1370 ـ يىلى تومۇرلەڭ تەرىپىدىن ئىستىلا قىلىنغان. كېيىنچە ئىسلام دۇنياسىنىڭ مۇھىم مەدەـ

نىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغان.

[46] شىراز ــ قەدىمقى ئىراننىڭ مۇھىم سىياسى، مەدەنىيەت مەركەز-لىرىدىن بىرى بولۇپ، مىلادى 7 ـ ئەسىردە ئىسلام دىنى ئىرانغا تارالغاندىن كېيىن ھەججاج بىننى يۈسۈپنىڭ تاغىسى مۇھەممەت بىننى قاسىم بىننى ئەقىل تەرىپىدىن بىنا قىلدۇرۇلغان ئىكەن. بۇ شەھەر ئىراندا ھوكۇم سۈرگەن تۈرك ئاتابېكان سۇلالىسى (مىلادى 1150 ــ 1393 ـ يىللىرى)نىڭ پايتەختى بولغان.

[47] سۇلتان ئابدىرىشىتخان ــ يەركەن خانلىغىنىڭ ئۈنجى پادىشاسى سۇلتان سەيىتخاننىڭ چوڭ ئوغلى. مىلادى 1510 ـ يىلى مۇغۇلىستان خانلىغى تەۋەسىدىكى پەرغانە شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن، باللىق ۋە ئوقۇش يىللىرىنى پەرغانە ۋە تاغىسى بابۇر شاھنىڭ كابۇلدىكى ئوردىسىدا ئۆتكۈزگەن. مىلادى 1514 ـ يىلى يەركەن خانلىغى قۇرۇلغاندىن كېيىن دادىسى سۇلتان سەيىتخان بىلەن بىللە قەشقەر ۋە يەركەنگە كەلگەن. بىر مەزگىل يەركەن خانلىغا تەۋە يەتتە سۇ رايونى (ھازىرقى بالقاش كولىنىڭ شەرقى ۋە جەنۇبى)نىڭ سەرتاپ-لىغىغا (باش ۋالىلىغىغا) تەيىنلەنگەن. بۇ چاغدا ئابدىرىشىتخان ئەمدىلا 20 ياشقا كىرگەن بولۇپ، ھەربى ئىلىم، پەلسەپە، ئەدەبىيات، مۇزىكا جەھەتتە زور ماھارىتىنى كورسەتكەن ئىدى. مىلادى 1533 ـ يىلى سۇلتان سەيىتخان شىزاڭغا قىلغان بىر ھەربى يۈرۈشىدە ئىس تېگىپ ۋاپات بولغاندىن كېيىن يەركەن خانلىغا سۇلتان بولۇپ تەيىنلەنگەن. يەركەن خانلىغىنىڭ يۈتۈنلۈگى، ئىگىلىگىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن بىرمۇنچە پايدىلىق تەدبىرلەرنى قوللانغان.

سۇلتان ئابدىرىشىتخان بولۇپمۇ يەركەن خانلىغىنىڭ پەن، مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن زور توھپە قوشقان. بەزى ماتىرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئۇنىڭ «دىۋان رەشدى»، «سىلاتىننامە»، «مەشۇقنامە»، «غەزەلىيات رەشدى» قاتارلىق ئەسەرلىرى بولغان.

[48] مەۋلانە تۈتى ــ مىلادى 15 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئىران شائىرى. مىلادى 1481 ـ يىلى ھىراتتا ۋاپات بولغان.

[49] تىرمىزى ــ ئەبۇ ئابدۇللا مۇھەممەت بىننى ئەلى تىرمىزى. مەشھۇر

ئىسلام پەيلاسوپى، مازىرقى سىر دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى تىرمىز شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ شېئىر-غەزەلچىلىكتىمۇ خېلى مەشھۇر. مىلادى 869-يىلى تىرمىز شەھىرىدە ۋاپات بولغان.

[50] خىسرو دېھلىۋى — ئەسلىدە ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشايدىغان "لاچىن" قەبىلىسىگە مەنسۇپ بولۇپ، ھىجرى 651-يىلى (مىلادى 1253-يىلى) كەش شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. كېيىنچە ھىندىستاندا ئۇزۇن مۇددەتلىك مۇھاجىرلىق تۇرمۇشنى باشتىن ئۆتكۈزۈپ، ھىجرى 725-يىلى (مىلادى 1325-يىلى) 72 يېشىدا دېھلىدە ۋاپات بولغان. ئۇ ھاياتىدا «ئىسكەندەرنامە»، «لەيلى ۋە مەجنۇن»، «شىرىن ۋە خۇسرو»، «تۇغلۇقنامە»، «تارىخى دېھلى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان.

[51] مەۋلانە كاتىبى — مىلادى 15-ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر ئىران شائىرى. ھىجرى 839-يىلى (مىلادى 1435-يىلى (ئاستىراباتتا ۋاپات بولغان. «ھەسەن ۋە ئىشق»، «ناسىر ۋە مەنسۇر»، «بەھرام ۋە گۈلەندەم» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان.

[52] ماۋەرە ئۇننەھرى — قەدىمقى يۇنانىنىڭ تارىخ ۋە جۇغراپىيە كىتاپلىرىدا "ترانسئوكسانىيە" (ئوكس — ئامۇ دەرياسىنىڭ نېرىقى تەرىپى) دەپ ئاتالغان. مىلادى 8-ئەسىردە ئىسلام دىنى بۇ جايلارغا تارالغاندىن كېيىن، ماۋەرە ئۇننەھرى (دەريانىڭ نېرىقى تەرىپى) دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئامۇ دەرياسى بىلەن سىر دەرياسىنىڭ ئارىلىقىدىكى جايلارنى كۆرسىتىدىغان جۇغراپىيىلىك ئاتالغۇ بولۇپ قالغان.

[53] سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزا — ئەبۇ سەئىد بىننى مۇھەممەت بىننى ئەمىرانشاھ بىننى تومۇر. خوراسان دۆلىتىنىڭ 1-پادىشاسى بولۇپ، ھىجرى 855-يىلى (مىلادى 1451-يىلى) تەختكە چىققان. ھىجرى 873-يىلى (مىلادى 1468-يىلى) قاراباغ دېگەن جايدا ئەزەربەيجان ۋالىسى ئۇزۇن ھەسەن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

[54] سۇلتان ساھىپ قىران ھۈسەيىن باھادىرخان—ھۈسەيىن بىننى مەنسۇر بىننى بايقارا بىننى شەيخ ئۆمەر. تارىخىي ئەسەرلەردە ھۈسەيىن بايقارا دەپلا

ئاتىلىدۇ. بۇ خوراسان دۆلىتىنىڭ 3 ـ پادىشاسى بولۇپ، مىلادى 1470 ـ يىلى تەختكە چىقىپ، مىلادى 1505 ـ يىلى ھىراتتا ۋاپات بولغان. ئەلىشىر ناۋايىنىڭ ياردىمى ئاستىدا خوراسان دۆلىتىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەرەققىياتى ئۈچۈن بىرمۇنچە پايدىلىق ئىشلارنى قىلغان. ئۆزى مەشھۇر شائىر بولۇپ، بىرمۇنچە شېئىر ۋە غەزەللەرنى يازغان.

〔55〕 **ھاتەم تەي** — ئەبۇئەدى بىننى ئابدۇللا بىننى سەئىد ھاتەم تەي. قەدىمقى زاماندىكى مەشھۇر ئەرەب شائىرى. ئۇ رىۋايەتلەردە ئۆزىنىڭ ناھايىتى سېخىيلىقى بىلەن داڭ چىقارغان.

〔56〕 **مۇغۇلىستان** — ئەسلىدە شەرقتە قارا شەھەر، غەربتە ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پەرغانە شەھىرىنىڭ غەربى، شىمالدا كۆكچە دېڭىز (بالقاش كۆلى)، جەنۇبتا قارا قۇرۇمغىچە بولغان ھەم شىمالىي شىنجاڭدىكى جۇڭغار ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ (ماڭلاي سۇيە) قاتارلىق رايونلار تارىختا "مۇغۇلىستان" دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ موڭغۇللار (چاغاتاي ئەۋلادى) ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايون دىگەنلىك بولىدۇ. مىلادى 1348 ـ يىلى چاغاتاي ئەۋلادلىرىدىن بولغان تۇغلۇق تۆمۈر (مىلادى 1331 — 1363 ـ يىللىرى) بۇرۇنقى چاغاتاي خانلىقى تەۋەلىكىدىكى بىرقانچە پادىشالىق ۋە بەگلىكلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ بىر خانلىق قۇرغان. بۇ خانلىق "مۇغۇلىستان" دەپ ئاتالغان. مۇغۇلىستان خانلىقى مىلادى 15 ـ ئەسىردىن باشلاپ پارچىلىنىشقا باشلىغان. مىلادى 1514 ـ يىلى تۇغلۇق تۆمۈر ئەۋلادلىرىدىن سۇلتان سەيىتخان مۇغۇلىستان خانلىقىنىڭ پارچىلانغان بىرقانچە رايونلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ يەركەن خانلىقىنى قۇرغان. مىلادى 1678 ـ يىلى يەركەن خانلىقى ئاپپاق خوجا ۋە جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلغان.

〔57〕 **يۈسۈپ سەككاكى** — 14 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 15 ـ ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر ئۇيغۇر شائىرى. ئۇ ئۆز ئۆمرىدە بىرمۇنچە شېئىر ۋە قەسىدىلەرنى يازغان. ئۇنىڭ «دىۋان سەككاكى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى تا ھازىرغىچە كەڭ تارقالغان. ئەلىشىر ناۋايى سەككاكىنى لۇتفى بىلەن بىر قاتاردا قويۇپ، "ئۇيغۇر ئىبارىلىرىنىڭ ماھىرى، تۈرك تىلىنىڭ ئۇستىسى" دەپ

تەرپلىگەن. سەككاكى ملادى 1468 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

[58] ئامانىسا خېنىم ــ مۇشۇ كىتاپنىڭ ئۆز مەلۇماتلىرىغا قارالسۇن.

[59] فۇزۇلى ــ ئۇيغۇر تىلىنى ئاساس قىلغان "چاغاتاي" ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسلىق ۋەكىللىرىدىن بىرى. ئۇ ملادى 1504 ـ يىلى ھازىرقى ئىراقتىكى باغداتنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان كەربالا شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ دادىسى سۇلايمان ھەزرەت باغداتنىڭ جەنۇبىدىكى ھىلە شەھىرىنىڭ مۇفتىسى بولغان. فۇزۇلى ئۆز ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمىنى باغداتتا ئۆتكۈزۈپ، شۇ جايدا شۆھرەت قازانغان. شۇڭلاشقا "فۇزۇلى باغدادى" دەپمۇ ئاتىلىدۇ. فۇزۇلى ئۆز ئانا تىلى "چاغاتاي" تىلىدە نۇرغۇن شېئىر ـ غەزەللەرنى يازغاندىن تاشقىرى يەنە پارس تىلىدىمۇ نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان. شېئىرىيەتتە "ناۋايى سانى" (ئىككىنچى ناۋايى) دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭ «دىۋان فۇزۇلى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى تا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە، فۇزۇلى ملادى 1562 ـ يىلى باغ-داتتا ۋاپات بولغان.

[60] زەلىلى ــ قولىمىزدىكى ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، "زەلىلى" تەخەللۇسلۇق ئىككى شائىر ئۆتكەن. بىرى ملادى 1743 ـ يىلى ۋاپات بولغان يەركەنلىك مۇھەممەت سىدىق زەلىلى؛ يەنە بىرسى ملادى 1790 ــ 1844 ـ يىللاردا ئۆتكەن تۈركمەن شائىرى مەختۇم قۇلى زەلىلى. بۇلارنىڭ ئىككە-لىسى ئامانىسا خېنىمدىن تەخمىنەن ئىككى ئەسىر كېيىن ياشىغان. دېمەك، بىر بولسا بۇ يەردىكى "زەلىلى" ئاپتور ياكى خەتتاتنىڭ سەۋەنلىكى بىلەن خاتا يېزىلىپ قالغان، بىر بولسا، ئامانىسا خېنىم ياشىغان دەۋردە ياكى ئۇنىڭدىن بۇرۇن بىزگە تېخى مەلۇم بولمىغان باشقا بىر زەلىلى ئۆتكەن.

[61] مەلىكە دىلسۇز ــ مىرزا ئەبۇلقاسىم فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» ناملىق كىتاۋىدا تەسۋىرلەنگەن شاھ جەمشىتنىڭ خوتۇنى. رىۋايەتتە ئۇ ناھايىتى گۈزەل، ئەقىللىق، جەسۇر ۋە خەلقپەرۋەر شائىرە، غەزەلچى دەپ سۆزلىنىدۇ.

[62] نۇشىرۋان ــ قەدىمقى ئىران ساسانىلار سۇلالىسىنىڭ 20 ـ پادىشاسى. ئۇ، ئىران، ماۋەرەئۈننەھرى ۋە ئەرەپ دۆلەتلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرگەن. ملادى 531 ـ يىلى تەختكە چىقىپ، ملادى 579 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

سۇرەتكە ئېلىنغان نۇسخا

بسم الله الرحمن الرحیم

ای حکمتیدین گلو سرسبز بولوب رنگ   بلبل نغمه‌سی عجب خوش آهنگ

صنعونکا قیلیبدور ناله رباب طنبور   دوتار سه‌تار عود بیله قانون بیله چنگ

الهی شونینگ چمنیدا ایچیک لاله کوله دور گویی سین گل غنچه‌لار شگفته بلبل

طوطی ملاحده نه سایراتقوچی یغلاتقوچی سین لیلی‌نی زلفینی مجنون‌نی کو

تکلیفو گمنده قیلغاندیک فرهاد قاتیغلیک شیرین لبینی

قیلغاندیک عذرا عذارا وتجرادین وامق جسمنی آتشک

گردابیدا غرق قیلغاندیک بهزاد عشقیدا طارینغ صاندوقه

جند تحلیب تاریم همه اجتنقانیمیک یوسف حسنیدین

زلیخا عشقیدا فسانه تونگگاندیک منی اهل نگار عشقیدا

گرفتار سرگردان قیلغانی سین باد لفتوباش دو دیده بوزره

نه عاشق بیقرار قیلغانی سین تاکیم انینگ عشقیدا طنبور دم

نه آلغایمین انینگ سوزین سا قیلغاندا موز چالغایمین

گاهی نوایی ابیاتیدین نمد یلغاب بعضی لطف اشعاریدین

نعت یادعاب طنبوره دم سیم لاریگه زخم اورغایمین اول مهر

تنگریم شوقیدا باغریم قارا قانین سیاقیلیب ازگایمن ؛
انینگ عشقیدا چول بیابانی کزگایمن ؛ ابیاتلار سننگ
حمدنگدا اشعارلار حبیبینگ نعتیدا یازغایمن ؛

## مناجات

مقصودیم سن ای خدا ؛ معبودیم سین سن ای خدا
مسجودیم سین ای خدا سین سین منگا فریادرس
عاصی قلونگدورمن فقیر جانیم قلونگدورمن حقیر
غم ایلیگیدا بولدوم اسیر سین سین منگا فریادرس
ای رازق حی قدیم بجه گویی سن ای رحیم
حاجت روا قیل ای کریم سین سین منگا فریادرس
عشقینگنی دلغه قیل عطا چالغوم سنه تار برله دوتا
عفو ایله منده بار خطا سن سین منگا فریادرس
مؤمن عاشق بیقرار ؛ یالباردی سن گه بیرو بار
رحمنگغه اتدیم انتظار سن سین منگا فریادرس
الحمد لله رب العالمین والصلاة والسلام علی سید المرسلین وآله وصحبه اجمعین

اما بعد عدالت کشوری نینک شهنشاهی و سخاوت
شبستانی نینک تولون ماهی و صلابت چمنی نینک
سرو رعناسی و سیادت بحری نینک گوهر یکتاسی ؛
غریب یتیم لار آتاسی فقرا و مسکین لار پناهسی ؛
جمشید صولت و سلیمان دولت و لباس خشم و سکندر
چشم خاقان صفت و درویش سیرت چراغ وطن ،
شاهی ختن عالی شیر حلیم بیکیم حضرت لاری تو یاشی
دیر بو کمینه کمترین غریب بیچاره فراق دیشتیده آواره
غم ایلگیده اسیر بارچه آدم دین قصیر یعنی ملا عصمة الله
بن ملا نعمة الله مؤذن جرجر بر لمعه شعله تو شوب بو ذره نی
فلک تو یاشیده یوراتکو ذدیب انداغ یارلیق قیلدیلار کیم
موسیقی ترنمیکه موجب سرور و باعث عیش حضور
دور کیم پادشادین گداغیچه اولیا دین ترساغیچه
همه انسان بو فن دین شادمان بولورلار اما کوب
معنی لوریغه هنوز نامعلوم دور کیم بو فن نینک صاحب

وقوف بیله صاحب کشوف لاری کمالاریده ور مجتهد
صاحب ارشادلاری کمالاریده ور اوستادلاری کمالیده
دورسن کیم کسبنک هم موسیقی دوریده ابیات
مملکتی نینگ بلبل وار سلطانی ادبیات ملکی نینگ طوطی
شیرین لسانی دورسن هم خوش بستکوی هم دلکش
ایتقوچی سن دورسن نه بولغای که اوشبو غریب
فن نینگ صاحب کشوف لاری تاریخیده بو
بو توب سایر مغنی لارغه یادگار قویسانگ دیب
امر قیلدیلار بو غریب مورغه گویا تاغ یوکلادیلار
بو ضعیف خورغه گویا آسمانه بیقیلدی نه بو اضعیم
اشتغالیغه قوت نه عذره استعفاغه قدرت
دریای حیرتده مستغرق و مستهلک بولوب بو آیت
کریمه کیم قل اطیعوا الله و اطیعوا الرسول و اولوا
الامر منکم مضمونی خاطریمغه توشتی بو امر واجب
ترکین قیلورغه چاره تاپالمیدیم توکلنی تنگریمغه

قیلیب بو امری عالی نی بجا کلتوروش اوچون منا
سبب تاریخ تذکیره لارنی جمع قیلیب تاریخ رشیدی
تواریخ طبری تواریخ روضة الصفا تواریخ
حکما تواریخ عجم تواریخ عرب لاردین انتخاب
قیلدیم هم خاص عالیم موسیقی اوستاذ لاردین که
فیثاغورث فارابی پهلوان محمد کشتگیر امیر نظام
الدین علی شیر نوایی مرشیدیم نینک بو فن حقیده
پوتکان کتب رسایل لاردین بهره مند بولدوم
اخر قدر تیم که لایق استعدادیم غا موافق بو
رساله نی پوتوم عالم اهلنه سوغا توتوم
بهشت
بو رساله تواریخ موسیقیون اطا قویدوم
اولوالابصار بیلکی صغار و کبار مغنی لارغه خاص
عام لارغه بیلکی شاه و گدا لار ضمیر لارینه نامعلوم قا
لمیغانلکی تاریخ روضة الصفا و رشیدی دا اندغ
کلتوروب دور کیم یافث بن نوح علیه السلام نینک ترک

نام ایلتی بر اوغلی بار ایردی بونکلغه خدایتعالی بر اوغول
کرامت قیلدی اسمینی فرز قویدی بو اوغول یونک
بولغاندا تولا کا توتوب یوستیدا ایگون کیچا کینی طعام
نی توز بیلا به حل قیلماقینی طنبور بر بیط عددلارنی
یا ساب چالماقینی فرز کشف قیلیب عالم خلقیغه
اوگراتتی لار اول زمانیدا آتا اناسی باللاری
اولگانده مصیبت ماتمیده طنبور چلیب یغلاب
اولوکینی کومیده دوروشنی رسم قیلما ایردی فرز پیغمبر
علیه السلام نینک نبیره سی ایدی یاملکنه خوتنی هیاد
لاردینی ابادیغه انینک اولادی چیتلکوز کاهی یلکنه
خوتنی ایلی انینک اولادلاردی دودیز احوالیدا
ماندیی بوز ماتمی بشی منک سکز یوز اللیک بیل
اوتکاندور طنبورغه قوی اجکو نینک اوجا ینی
لاردینی ایشیب زی قیلیب تار سالور ایردی

موسیقی علمی‌نینگ ایلگی بیرلا نشاغ و شجوع و کریم بو کیشی شهر صوردین
ایردی کاسیاحت چلیب‌گه کوب مایل ایردی خلق‌نی
علم عمل‌غه یاخشی فضیلت‌غه ایندا‌غوچی یمان ایش
لاردین یاندورغوچی ایردی هرگز ثواب دین امید
توتماس وگنه دین قورقماس ایردی اما ثواب
عقاب‌غه قایل ایردی شهر شهر یوروب علم اورگا
نور ایردی انینگ شاد بولغنی نو کیشی بیلماس
ایردی بیبه چاغ بولغانینی هم کیشی بیلماس ایردی
الایکشی حال منال بعدست دو شهر اراسیدا اوو
حلیدی معمول ایردی هر وقت هر جایدا بوبار میرده
بیلوریق‌غه موسیقی پیش کلکه خلوتی کملیک مجلکه
مصلحت مشورت سورار ایردی انینگ کیم شهر
بکه حاضر رفز تکلستا نور بیرسب اوزی کشف
تملغانه سه تاریخی چلب شعرا او دی شعر

نینگ مضمونی بو ایردیکیم نسوا اوزونگنی توزلیماسه
نوروب کشیگه نصیحت قیلما عیبینگنی سینگا
کورساتکان کشینی دوست جلیب عزیز توت
ییرتیلیق لباس کییب یورگوچه چرایلیق سوز
قیلیب یوروشینی اورگانگیل یاخشی سوزنی
ایشیتورغه قدر تینگ بولماسا یاخشی سوزنی
اشتقوچی دین اورگانگیل علم اورگانیشدیکی
نوموس قیلما علمسیزلیکدین نوموس قیل
حیوان تیلسیزلیقیدین جفا مشقت غه اوچرار
انسان تیلیدین بلا مصیبت گه اوچرار دیگان
مضمون لیاردی چونکه بانظاکیه شهریده انگاغیچه
شعر ابیات یوق ایردی کایم موسیقی دین نشان
یوق ایردی یکرمه بش یاشلیق بر یگیت غریب
سوزلار بعجیب جالمیقدین خلاق معقول لیبا

ارقاسیغه کریب آلری خلایق غه اول نصیحت
حکمت سوزلاردی تنزیب شعر اوقوب
مستامینی عالمغه یایدی بو واقعه پادشا
-غه الکطور شده پادشاه ایکان دولت سیلاده
اوزلاری چقیب بو عالمنی کوروب حیرت
انکلیغی تعجب دندانغه قیلیب اوزیغه
تکلیف قیلیب الیب کیتی انکشتر شاه
طعام تارتقاسی اوچ ماس بولدی فرزندیم
دیب اتادی مکتبتی علمینی نشر قیلشقا
جای راغبست لاریب اغظال کیه خلقی نی بو علمنی
اوزگو نوشتغه بولیروغه قیلدی اوزی بیل ایچیده
قرق منک شاگرت موسیقی فنیدا مکمل بولوب
فیساغورث پادشاه دیا رخصت تیلاب نهم
ستانغه کیلیب علم نجوم اورگاندی هندوستان

خلق فیثاغورث دین موسیقی اورگاندی جمشید
کیقباد پادشاهلار ایدیلر کین عالم غه علم
موسیقی نینگ اورونی تعریفلاده دانا حکیم
فیثاغورث حکیم دور هندوستاندین نسب
مصری غه منسوب کاهن لاردین عالم کیهانت
میلادین اوچ قسم خط اورگاندی اخر دنیا
فانیدین سرای باقی نینگ اقامت رختلارین با
غلاردا بش یوز شاگردی بار ایردی پیش
قدم طالب لاردین بری سوزادیکیم نرقاندا غ
ایش قیلیمز دیب لول ایدیکیم خلایقغه نفع
یوق سوز و ایش نه قیلمغای سیزلار دیب
کوزیدین مدی وفاتی حضرت اسکندرنینگ
وفاتیدین بریل کیین دور توقسان اوچ ییل
عمر کوردی اش قیلالماغان اشنی نه قیلشنی محتاج لار
غه سخاوت قیلشنی نه یاخشی کورار ایردیلار

[illegible] سبب هجری التای منک بلاساغون
[illegible] سید [illegible] مولینا شیخ ابو
[illegible] حضرت امام محمد غزالی
[illegible] امام غزری [illegible] کا [illegible] علوم
[illegible] خاقانی فنون علم [illegible] ابن سینا
[illegible] ایدیلر و کیم بو عزیز [illegible]
خاوند نه علوم شریعت نه علوم طریقت
نه تفسیر نه حدیث نه طب نه فلسفه
نه عقاید نه اشعار ابیات حتی شطرنج
نرد نجه بلکه تغنی یوق ایدی اول جمله دین
بری علم موسیقی ایردیکی بو فنده کوب مهارت
بار ایردی قانون نی اوز قول لاری بیلان
یاساب سیم تار ترتیب توزوب چالغان
و مغنی شاگردلاریغه اورگاتکان ایردی راک

مشتاقو عشاق نینک مرغوله لارینی ایجاد و کشف
قیلیب عالمگه یایغان شاگردلاریگه تعلیم
قیلغان ایردی اوز حال مقامیکی الی اباچه
مغنی لارغه معلوم دور بیرینچی ایکینچی اوچونچی
مرغوله لاریغه کشف قیلغان ایردی لار
رساله مغنیون دیگان کتابیدا ایتیب
ایردیکی سماع نغمات نینک تینگلسنگیز مونینک
لاری انسان نینک روحیغه معنوی اوت
نی توتاشتورغوچی عامل دور اگر ادینکیغه
اشعار و ابیات مشغول سا اول مونگ نینک
سری نیمه ایکانلیکی انگلار ور دیده و دل لار
وینه ایتیبدورکه یوز ییل عبادت قیلیب الالمعی
فیض نه مینک قانونم نینک سیم لاریدیه آلغا
ی بسنزلار بو عزیز هر قسم علم لارده عموما!

بیر یوز اون تورت فارچه کتاب تصنیف قیلیب دور
لار بو کتاب لارنینک بیری رساله مغنیون دور
حالا عرب چه دور فقیر مذکور رساله نی تمام
قیلیب بولوب قوتیم نینک باریچه وقت نینک یاریچه
رساله مغنیون آطلیغ کتابنی ترکیچه تیلغه
ترجمه قیلماقنی نیت قیلیب دورمن ان شاء الله
بو فن تو د تینچی درجه پیری مولانا علی حضرت لاریدیکیم
خراسان نینک شا بو کیتیگان نوائی سیدین ایردی بو فن
ده عصری نینک بدلی ایردی علحده بو فن تونغر سیدین
اصل الوصل آطلیغ بر کتاب تصنیف قیلدیلار
کیین بو عزیز مرتاض اطلیغ ینا بر کتاب تصنیف
قیلدیلار چول عراق مقامیکیم فی الحال مغنی لار ارکه
مشهور دور حج سفریگه بارغاندا عراق چولیدین
اوتوب کیتیب باریب ایجاد قیلیب چول عراق آط

تو یدیلار دوتارنی هم کشف قیلدیلار هم شعر
یوتوشنی هم موسیقی تعلیم قیلشدا اوز زمانه سی
نینک بیدل لاییزیلار موندین باشقا علم لارد یمو
نهایتی یاخشی دقیق کتاب لار تصنیف قیلدیلار
افرقه مصر یلاریده افیون نی کوب استعمال قیلغان
سببدین عقلا دین عاری بولوب وفات بولدیلار
بشنچی پیری خوجه شهاب الدین دهبیدیم
بولغنده فرید العصر وحید الدهر ایردیلار
اندانکچه ویکی یوزدین ارتوق راق شاگردلاری
بولغندا مکمل وماهر قیلدیلار رساله لاریم یوتودی
لار التنچی پیری عبدالله مرواید حضرتلاری
سمرقندیدیکی ایرکیلار بو عزیز هم بو فن نینک اوستادی
لاریدین بولوب ایردیلار کوب یاخشی سیاله
بوفون حقیده یوتودیلار یوزدین تولا راق شاگرد

چقاردیلار اوز زمانه لاریده معروف مشهور
موسیقیون لاردین بولوب ایردیلار تاریخ
نینگ سکز یوز سکسان بردا حصار ولایتیدا
مدفون بولدیلار. یتتینچی پیری حضرت
مولانا نورالدین عبدالرحمن جامی ایردیلار
بو عزیزنینگ خصلت فضیلت لاری نوع نوع
کتاب لارده مشهور دور فضلا انکادین
اوتماسکی امیر نظام الدین علی شیر نوایی دیک
عالیم غه بتمام علم وعمل ده اوستاد دورلار
نوایی دیک ذات بولگیشینه اوستادیلم مرشدیم
دیگلی بو عزیز نینگ توصیف تعریف لاری
اوچون کفایه دور کیم نوایی حضرت لاری
اوز خمسه لاری ده بشش جایدا بو عزیز نی
نچه دیب تعریف قیلیبدور کیم کورگای سزلار

بس بو عزیزلر بیتمه علمیده حضرت فارابی دیک
اوستاد کل ایردیلار شاعر عالیم بولغاندین بلکه
مجذوب لیق لاری قوت لیک راق ایردی بس
طنبور بیله تار قانونده ماتارلیق پارچه نغمه
نی اوزلاری قول لاردیده ترنم قیلیب ایردیلار
عجم دیگان بر مقام نی انینگ ایکی له مرغوله لارینی
اختراع قیلیب ایردیلار کوب شاگرد بولغنده
مکمل قیلیب ایردیلار رساله دو آوازنامه لیق
بر کتاب بو فن خصوصیدا تصنیف قیلدیلار
حضرت علی شیر امیر حضرت لاری بو فن نه هم
حضرت جامیدین تعلیم آله دیلار حضرت جامی
تیمش توقوز یاشلاردیدا تاریخ نینگ سکز یوز توقسان
سکزیده خراسان نینگ هرات شهریده وفات
بولدیلار سکزینچی پیری حضرت امیر نظام

الدین علی شیر نوایی دور بو عزیز نینگ عموم
فضل شرافت لاری اوز لاری یوتکان شعر
کتاب لاریدین معلوم دور کلیاتی چهار دیوان
لاری خمسه لاری بو لاردین باشقه ایلگری
کیم کوب اثر بولوب یوتکان اوتوز التته خارجه
کتابلاریدین اوز لاریدیکی خصلت وعشق
محبت لارینی معلوم قیلدیم بو یوسونلوغ شریف
عالم لاری نینگ اوستیگه فیز اوستاد لاری حضرت
جامی دین موسیقی فنی نی خوب اوزگاندیلار
بر کیچه برکیچه سه تار طنبور لارینی چلیب اوز
لاری کا ایتقان غزل لار مهارت محمد ایتیب
بیهوش بولور ایردیلار نوا دیگان بر مقام نی
اختراع قیلیب عالم گه شایع بولدی لار
بو عزیز تاریخ نینگ صحاسکز یوز قرق اوچونچی

یعنی بیرون دین اوز لاری

ییلی جمادی الثانی دا دنیاغه کلیب آلتمش اوچ ییل
عمری کوروب آلتمش اوچ فارسچه کتاب پوتوب
تاریخ نینک توقوز یوز التمشینچی ییلی هرات شهریده
سکته کسلی بیلان وفات بولوب کیتتی لار

توقوزنچی پیری استاد محمد خوارزمی دورکیم اوز عصریده
موسیقی فنیده کوب اهتمام مهارت مالاکلام کرگوزدیلار
ایکی یوزدین کوب راق شاگردلاری اوستادکا میل قیلدیلار
بوفن نینک تحقیق سرلاری حقیده رساله تصنیف قیلدیلار
تاریخ نینک سکیز یوز ایللیک ایکی ده وفات بولدیلار.
اونونچی پیری مولانا نعمان سمرقندی دورکیم بو عزیز
حفاظ قاری ایردی بشقه کشی مرتب قران یادالغان
ایردی هم خوش اتیقوچی وهم دلکش چالغوچی ایردی عالیم
لار صحبتیده مشایخ لار مجلسیده ترنم قیلور ایردی
برکونی سمرقند عالیم لاری مجلسیده مولانا شمس الدین
تبریزی نینک غزل لاریده ــ تارنی ناخون لدی عالیم
لار بیکباره باشی توبن یتقیلیب توشوب استغراق
احوال لاری یوزلاندی اون دین ارتوق کشی بیهوش
بولدی مولانا علی حضرت لاری بیهوش بولغانیچه مجلسده

عالمدین کیتتی بو خبر مشهور بولدیکه پادشاه انقلاب
بو عزیزنی زندانغه حاکم قیلدی بش ییل زنداندا قالیب
تاریخ بیک سکز یوز التمیش بشده وفات بولدیلار
بو عزیزنینگ تربیتیدا اوچ یوزدین ارتوق مغنی
موسیقی فنیدا برکمال بولغان ایردی برنچه یوز کیشی
علم شریعتده عالم بولغان ایردی برنچه مینگ
صوفیلاری بار ایردی طریقه چشتیه مشایخ لاریدین
ایردی موسیقی ننگ علم نقطا بیلیغه بخشش قیلیب ورگان
نتیجه لاری بار ایدی معراج الملکین نام لیق
بر کتاب تصنیف قیلیب ایردیلار اول
برنچی پیری مولانا صاحب بلخی حضرتلاری دور
کیم بو عزیز مدرس ایردیلار بش التی یوز طالب لاری
علم شریعتده صاحب کمال ایردی طنبورنی سحر
آفرین بر طرزیده سوزلیتور ایردی بابر شاه بر نفس

آیبشماس ایردی که مدرس لیک مسکینی دین معزول
بولوب ظهیر الدین بابر نینک حضوریدا قالدی برکونی
کابل شهریده بر باغدا شاهانه مجلس آراسته قیلدیلار
اکابر اشراف امرا وزرا علما اولیا همه سی حاضر بولدیلار
الوان الوان طعاملار نی تارتیب دستورخوان
نی ییغیب بولغاندا بابرشاه موسیقیغه اشارت
قیلیب ایردیلار بو عزیز طنبوریننگ قولیدا بیر نغمه الیب
چول عراق مقامیغه نوازیشغه کلتوردی ایکنچی نوچی
دین اوتوب اوچونچی آوجیغه یتکانده بر بلبل
کلیب طنبورنینک قولاقیغه لحظه قونوب سایراشقا
باشلادی مجلس اهلی چوقان علار قوفاردی و یغلوب
یخنده کشی بیهوش بولدی مولینو ایردی بلبل سایراب
تیار اقدی اوچوب کلیب اوزینی طنبورغه اورار
ایردی ایته سکز مره اوزینی طنبورغه اتقاندا

کین بلبل بیرگه توشوب اولوب کیتتی فیض کثیر تیده ن
مولانا طنبوریغه تا شراب یغلاب بیهوش بولدی
ساعتی دین کین بیهوشلارغه گلاب لار سپیلدی
شرابسر دلار ایچوده لری بیهوش لار هوشیغه
کلدی اما مولانا صاحب بلنجی هوشیغه کلمدی
حکیم لار هر قانچه چاره تدبیر قیلشتی فایدا بولمدی
تاریخ مینگ سکز یوز قرق تورتته ایردی مولانا عالم
دین کیتتی بابرشا تصنیف قیلغان اسرار موسیقی
آلطبیع رساله ده بو قصه علیحده مفصل یازدور
اون ایکینچی پیری شیخ صفایی سمرقندی حضرتلاریدی
دوریکیم بو حضرت بیلمایدورغان مقام آهنگلاری
بو حضرت چالمایدورغان اسباب نغمات یوق دیسه
بولغای ایردی ایکالیوند دین ارتوق شاگردلاری
بو فنده ماهر بولدی آوازلاری نشاءت موسیقی

الطیغ بر رساله تصنیف قیلدیلار پنجند قسم نقش غزل
لاردا فترلا قیلدی تاریخ نینک سککز یوز التمش توقوز
دا اللانگ الته یاشی لاریدا خاقانکا کسلی بولوب وفات بولدیلار
ادن اوچونچی پیری قدیرخان یارکندی دوریمیز بو
عزیز دیک بو فنده مهارت کورساتکان اوستاد
آذدور بو عزیز کوب راق امیر نظام الدین علی
شیر نوایی حضرت لاری نینک غزلیاتلاریدین
تاقوما ایردی عالم اوتوب مونکدیک خوش آواز
کشی کلمایدور ایردی عراقدین ایراندین طبریزدین
خوارزمی سمرقند اندیجان اسلامبول کشمیر
بلخ شیراز قاتارلیق یارلق شهرلاردین موسیقی
اورگانگالی کلکان شاگردلاری بار ایردی
رباب نه هشتا[illegible]نی بو عزیز کشف
قیلدی هم شاعر ایدی دیوان قدیری [illegible] کتی تصنیف

قیلدی ینا نازوک نکته‌لار موسیقی فننی با رسیده رساله
لار بیگه درج قیلدی جنده کلا کیبب یوروایردی
سلطان عبدالرشید خان کیم معروف مشهور
دور قدیرخان بیز طعام شراب تارتماس ایدی تو
غه بار ماس ایردی قدیرخان وصال آطلیغ بر
مقام نی اختراع قیلیب گردلار ریغه اورگاتتی
عبدالرشید خان پادشادین ایکی ییل دین کیین
عالم دین کیتتی لار اول تورتنجی پیر حضرت پهلوان
محمد کشتین کیر دور بو کشی غه خدای تعالی شونداغ
برقابلیت اوز فضلی کریمیدین عطا قیلیب ایکندیکه
هم اولوغ علما هم قطب الاولیا هم پهلوان زر
دست کیم منکیل لار ادتوب مونکدیک پهلوان
کلمگان هم شاعر هم مغنی هم اغنیاء علی هذا
القیاس بونکدیک خوش خلق خوش گوی کشی

یوق ایردی بو قیسیدا اسیم ذکر بولغان اولوغ اوستا
لار مقابله سیدا موسیقی فنی باره سیدا اثرلار یوتوردی
لر شوبلار یاسیدی تورلوک تورلوک نقش لار قول لار
آهنگ لار ایجاد قیلدی آوازلاری یاسیغان مقام عمل
لارنینگ بنج چهار ضرب دورکیم بو هم اوستاد لارنینگ عمل
لاریدین خوشراق و دلکش راق بولوب غایت
شهرت توتی مشهور ایجادی مقام لاریدین بیری
چهار ضرب بیری چهارگاه ایردی چهارگاه نه مولانا طوطی
علیه الرحمه نینگ اوشبو غزل لاریغه باغلاب ایردی مطلع
ساقیا مهی رفت بسته ابوا فردا ناپدید ؛ خوش باش امروز
خوش دار ای یغما رکه دید ؛ مرسز رمک ترمذی الطیفه باغلا
دورکیم بیلغایت خوش آینده ملایم ایش دور دلیل بو کیم
خراسان ملکیده و عراق سمرقند و یارکند اهلی ده
بونی بیلماس مغنی یوقتور و ینه بیری دوگاه مقامی

دور ایکیم میر خسرو دهلوی نینگ بو شعریغه باغلاب ایدوکیم شعر

ای تا عنایت [illegible] بهر کاشانهٔ ه دی اسیر زخم زلفت دلی ویرانهٔ

بو نی بابر سلطان نینگ لطیفه باغلاب ایدورکه بی‌نهایت

موثر خوش آینده مقامی بار ایدور و بو پنجگاه مقامی نی

ایجاد و تعلیب حضرت مولانا کاتبی نینگ بو شعریغه باغلاب

ایردی ایلور ایکیم اشیتکان انعامگان آدم غه حضور بولورلار

کیم عجم ماوراءالنهر شهرلاریده مشهور بولوبدور مولانا

کاتبی اول شعرلاری نینگ مطلعی بو کیم مطلع

گه گه رنگ تو در قتل اهل نیر آمد ه بیات مشاهد مقصود شه نیر آمده ه

بو شعرنی باغلیماقدین غرض لاری بو مقطع ایدیکیم مقطع

مشتاق کاتبی با شام غم که صبح امید ه چون دو سلطان ابوسعید بر آمده ه

بو نی سلطان ابوسعید میرزا لطیفه باغلاب ایردیکی

نهایت دین تاشقری دلپذیراتیش بولوب عالم خلقی ارا

سیدا شهرت توتتی بو عزیز بولار دین باشقا نمی

بیحد و بیعد دغزل مقام لار آهنک لارای دقیلدیلار
مشهورلاری مشهورک بیادک [illegible] باشقا
یوقاردا ذکر بولغان چهار ضرب دوگاه سی گاه چهار
گاه پنجگاه لار دور کیم مغرب مشرق ارا سیدا معروف
دور بیچه نی بو قیسقا رساله ده سغدوره الماق نیک
اورنی یوقدور بو عمرتر اول بابر شاه نینک حضوریدا
خدمت قیلدیلار کیم میرزا ابوسعید نینک بارگاهیدا
بیوک اورون توتتیلار کیم سلطان صاحب
قران حسین بهادرخان نینک درگاهیدا مقرب
بولدیلار بو عزیز نینک مراتب لوغ لیقی شو بیردین
معلوم بولورکی امیر نظام الدین علی شیر نوایی
حضرتلاری بیرلا بیک بر عالی جناب ذات سیلان فرق
ییل هم صحبت دوستلوق قیلدیلار کیم اگر بو کشی ده
زره چا غلیق اسقل طبیعت لیک بولسا ایردی

اولار بو عزیزنی دوستلوققه قبول قیلماس ایردی بلکه او
لار مین قرق ییل پهلوان محمد کشتی گیر بیلان هم صحبت
بولدوم بو اشنا دا بردہ بیر ایشیم ایدا کونگلوم ملول پریشان
بولغودیک ایشی صادر بولمدی بلکه کوندین کونگه دوستلوقی
محبتی زیاده بولور ایردی دیب قیتیبدور معلوم دور کیم
بو عزیز نوایی حضرتلاری نینگ اخلاق افعال اقوال لاری خوش کلور
ایکان تعریف توصیف مونداین اوتماسکه حضرت نوایی
نایاب عمرلارینی صرف قیلیب بو عزیزنینگ توصیفلاریدا
اوز قلملاری بیلاه تاریخ حکایت پوتودیلار و تحقیق
بو عزیز شعر معما فنی دا بیگانه دوران نادر زمان.
ایردی بو فنده علیحده جلد جلد کتابلار تصنیف
قیلدی انداغکی زامان شعراسی نینگ یوزی نینگ بریدا بونداغ
شعور قابلیت یوقتور کیم اکثر نظم اهلی هر نوع شعراتیدا
ایزی پهلوان نینگ حضورلاریغه بیلکوروب اولارنینگ
اصلاح و ایضاحین قبول قیلور ایردی بو فنده طبیعتلاری
بی غایت ملایم ایردی انداغکی بو مطلع پهلوان [illegible]
گفتم اش دیدار عالم عشقی کاریم باغم است ، و کوشیگیر تخلص قیلور

خیرات نینک بر گذرگاهیدا کیم تورت یول نینک بندری
ایردی اندا بر عمارت عالی یاسادی لار کیشی نینک
کنشی لیک اوی و باغ لار مهیا قیلیب بولنگرنینک
اتینی نعمت اباد قویدیلار فقرا لار درویش لار
مسافرلار یولوچی لار کیلیب برای ایکی آی
بلکی هر سیل ایکی بیل نشو جاییدا استقامت قیلسه
دوچ وقت اوچ قسمی عالی طعام تارتان و اولاغ
لار نیفه ارغه فوچاوه طیار ایردی کاتته کچیک حیرات
خلقی نعمت اباد دیه طعام بیر ایردی فقرالار
دیه باشقا باشی لار هم شهزاده لار و وزیرلار
بلکی سلطان حسین بهادرخان غیمور تجاوه طیله
بولغان آتشدین اوچ وقت تیکوزولور ایردی
تفرجا بیده مشایخ لار علما لار کلیب حضرت
پهلوانیده استفاده تفغیب قیلیش اولان پیل قالور

لار ایردی کیم حاتم طی بو ننکدیک سخی بولماس حضرت مولانا
جامی بیلان یقین لیقی بار ایردی تصوف دانیقلیقین
التفات لار کورگان ایردی سبحان الله بو زمانه
حمد منکمنک ثنا اول خالق هیچ اون غه بولسون کیم
بر قطره خون دیک آفریده بولغان بر بنده کاسی گه هو بیچه
کمال و قابلیت عطا قیلور بس بو عزیزنی پادشا
هیچ گداغیچه اولیا دیک ترساغیچه دوست توتما
ی یوروغان کیشی یوق ایردی هر کیم بیلان معامله قیلسه
اول کیشی ان قیلور ایردیکی پهلوان نینک هندیدین
راق دوست یوچتو دیس ننک کیشی بو عزیزدا
قران یاد آلدی عالم شیر یعنی علوم گونب عالیم بولدی
عالم حضرت کیم سلطان حسین بهادر خان نینک لشکر
لاری نینک بیچه بی گم اوستاد ایردی بهت شاعر نیکه
لو استادی ایردی موسیقی فنیدا خیل خیل مقام لار

منینگ شاگردلارنی یادگار قیلدی طریقتده نوع

نوع مشایخ عظام اولیالاری زبردست کرام لار

نینگ مرشیدی ایردیلار دنیادا شوهرتلنغا مونکوریک

اغنیا یوقا ایرمیش حسین بهادرخان مونینگ سنز

مجلس آراسته قیلماس مونینگ مصلحتی سنز

ایش قیلماس ایردی افریکونی تصادف

بیهوش بولوب ییقلغانیچه عالمدین کیتیب پادشا

اوزی دیک تارتیب گداغریب قوتقانده مملکتی

صاحب مصیبت بولوب گویا قیامت قایم

بولغانینگ بر جمعه الا تجالیدا عزلاردک

حیات لاردیا قازیب ما حسدوب قویغان

زیکیر کرب استقامت قیلغان نعمت آباد

دیگن قیشلاقیگه تاریخ نینگ سکز یوز توقسان توقوز

ینیدا دفن قیلندی انا لله وانا الیه راجعون

اون بشینچی پیری حضرت مولانا لطفی دور بو عزیز
شیخ مغولستاندین ایردیلار عالیم لیقدا حضرت ابو
نصر فارابی دیک حکیم لیقدا حضرت ابن سینا دیک
شاعرلیقدا حضرت امیر نظام الدین علی شیر نوائی
دیک مغنی لیقدا تنجی قدیرخان دیک ایردیلار بو عزیز
بلمایدورغان علم یوق ایردی زمان نینک علامه سی
ایردیلار بیش یوزدین تورت ارتق عالیم و قاری لار
شاگرد بولوب اوقودیلار و عالیم بولدیلار ایکی یوز
چه کشی موسیقی فیننده کمالات مهارات کورسالق
لار بیگرمه دین آرتوق کتاب تصنیف قیلدیلار.
حضرت علی شیر نوائی علم فصاحتده بو عزیزنی
اوستازیم دیر ایردیلار اولار حضرت نوائی نی سوق
مینینک اوستازیم دیر ایردیلار و مینینک عمرومم الحمد
یوتوگان اون مینک مصراع شعریمده سنینک ایکی

اختراع شعرنینک ارتوق دیلار ایردیلار تاریخ هجریه نینک
سکز یوز تیمیش سکزیده وفات بولوب کتدیلار
اون التنچی پیری حضرت یوسف سکاکی دور
کیم بو عزیز هم تمام علمیده حضرت فارابی حضرت
لطفی دیک ایردیلار منینک طالب لاری انواع
انواع علملاردین اوزگا نوع ایردیلار منطق علمیده
علم فصاحت و علم بلاغتده عصری نینک یکتاسی
ایردی علم اشعاردا بو مغولستانین حقانی
متفکرلاری نینک همه سیدین فائق ایدی تلخیص اطلق
بر کتاب فصاحت بلاغت حقیده خصوصاً
قرآن نینک فصاحت بلاغتی حقیده ایجاد قیلدی
موسیقی فنیده رساله لار تصنیف قیلدی بیات
نام پرده تا میکی حالا مغنی لار اداسیدا مشهور دور
اختراع تجلیسب شاگردلاری یوز اونگا یکی دور

اون ییتتنچی سیری ملیکهٔ آمانیسا خنم ایردی بو خنم
سلطان عبدالرشید خان پادشاهنینک حلالیده ایردی
شاعرهٔ یگانهٔ دوران ایردی دیوان نفیسی آطلیق شعرلار
برکتابنی تصنیف قیلیب ایردیلار هم خط لطیفده اوستاد
کل ایردی هم موسیقی فنیده اوناغ صاحب کمال ایردیکیم سلطان
بو ملیکهگه عاشق بیقرار شیدا بشیفته لیقدا بی اختیار
ایردی سلطان بو ملیکهنی عقد نکاحغه کیرگوزدی موشوم اقچه
انیلانغ دوده کیم سلطان وزرا امرا لشکرلاری بیلان
پای تخت یارکند دین اطلانیب طارم دریاسی نی بویلاب
ترکیکان دشتیگه شکارغه چیقدیلار یولده بیر کیچه قونغانها
بولدیلار کیچهسی سلطان دیهقانچه ساده بر اکیکیم ایدینه کیب
قونوچی مسافر صورتیده بولوب صحرا یاتقانلاریدیکی اوی لاردده
غریبانه قونار ده بیهوش بیلاده عقلارلار رنگ ... لارغه
ظلم ستم قیلغانلار ایشی لارینی تحقیقلور عادتی ایردی

وقتیکه سلطان مذکور درویش لباسیده بر فقرا بیله اویگه قونوبچی
بیجور تیده بر لوب اکرم نام بر بچری سیلوب کرده اول اوینی
محمود اطلیقه باروتا بچی نینگ اوی ایردی بو ملیکه شمل محمود
نینگ عاجزه سی ایردی سلطان قرایدور که بو اوی نینگ بیر
جلیده بر طنبور بار ایردی سلطان محمود دیدی کوردیکی طنبور
نی چلیب بیرگان اول ایدیکیم طنبور چالیشنی بیلماسمن
اوشبو قیزیم هم کا طنبور چالیب بیرسنگ دیب خفا قیلیب
الدوردی قیزیم چالیدور دیب ایردی سلطان قیز نینگ
چلیب بیرسون دیدی محمود قیزیغه اغریغی قیلادی قیز طنبور
نی کلتوروب بینیگی مقامیغه انداغ چالدیکیم سلطان
حیران قالدی طرفه راق بو کیم قیز اوزی ایستادان بو شعرنی مقام
غه قوشوب اوقوب ایردیکیم سلطان بو قیزنینگ محبتی ده عاشق
بیقرار و بیهوش بولوب کیتی شعری بو ایردیکیم مطلع
سنگا یوز شکر یارب بزرگ مثل پادشاه قیلدینگ ده فقیر سکلیغ عبدالرشید خانی ناملانینگ ده بیکم

اوشبو غزل نینگ مقطعی بو نوع باغلنیب ایردیکیم مقطع

نفیسی کیچه کوندوز قیل دعا تنگری تعالیدین بو کیم شاه نینگ حقیغه قیلمای دعا تا تنگریگه کلیده بایک

غزل تمام بولغاندا سلطان آلدیرا بسورادیکیم نفیسیگه دیگان شاعر کیم

سیز بو غزلنی قایردیک اول گوزوب ایردینکیز دیگیچ قیز کشی نینگ

غزلینی مویا الیب اوقومدیلار کشی من نوایی فضولیلار لیلی

نینگ شعرلاریدین اونزگه نی اوقومایمن بو غزل اوندم نینگ نفیسی

منینگ تخلصوم دیدی نیچه یاشغا کیرگانینگ لیکین سوردی اما

اون اوچ یاشغه کیردی دیدی سلطان نینگ ینا حیرتی

آرتدی الحاصل بو اکم نسخه نی توزوب اوزی یوتکان برقانچه

ابیات لارنی کورساتی خطی نینگ حسنی قیزنینگ حسنی بیلان

بحث قیلادا ایردی پادشاه بو خطنی بو بیله کیچیک نارسیده یوتکا

نیغرایشانگوسی کلمای قیز امیسین قاراب توردای شعر

یوتوب بتغنک دیگیچ قیز دوات قلم کاغذ کلتوروب بو بیت

نی یوتودی مطلع یارب بو بنده قیلدی عجب سوزلار منگا

گویا بو اول گر اوندی بو انشام تیلی منگا سلطان کولدی

ایشاندیم منی هجو قیلمیسلا دیه محرمی بیلان تاشقری
چقیب بز جلی کلساک دیب لشکرگاهغه باریب وزیر امیر
لارغه کورگان واقعه‌نی بیان قیلدی باشلاریغه
تاج اوستلاریغه دواج یافتی درحال اون توقوز شاهیه
اطلس مهیا قیلیب توره حصه ده قرقاکشی محمودنینگ
اویگه باریب مقصودنی بیان قیلیب پادشاهزینینگ
اشکارا قیلیب توی قیلیب قیزنی نکاحیغه الدیلار
بیگرمه بیل پادشاهنینگ نکاحیده توردی بو قیزغه خدای
تعالی اندایغ عقل و فراست عطا قیلیب ایردیکی تعریف
دین مستغنی دور دیوان نفیسی نه تصنیف قیلدی
اخلاق جمیله آطلیق بر کتابکیم منظوم لارغه نصیحت
دور تصنیف قیلدی شروح القلوب اطلیغ بر رساله
تصنیف قیلدی شاعرلیق معنی لیک غلط الیق توغریسیدا
بونینگ دیک مفید کتاب آزده ر عشرت انگیز نام لیغ بر
مقام هم بو ملیکه‌نینگ اختراعات لاری ایردی سلطان کمال

غیرت بوز بیدیغه اوز لطیفه نسبت بریب مغنی لاریغا اوکا
لار بو ملیکه اوتوز تورت یاشلاریدا توغوتدا عالم دیه
کلنی دیبدورلار بو ملیکه عالم دیه کتنکا ندین سونکرا سلطان
کویا اوز غنی اولتورار برشوریده عالتکه بیسبب سوداوی
برعلت عارض بولدی آخر سلطان یغلاب عالم دیک
اوتی دیبدورلار بولاردین کیین نیا مقام غزل افترا
عات قلغودیک براوستا دکل عالمغه کلگانه معلوم ایماس
بلهاک کرکلکم قی نی جمشید بادشا نینک مشهور خاتونی
ملیکه دلسوز کشف قیلدی صورنای نی اول کیقباد
شاه نینک نظریده بوغا هونکوزیده لشکرلاری ایاسیدا
اردشیر الطلیغ برگش کشف قیلدی نوشروان نینک
زمانیسیدا یغاچیدا صورنای یاساب چالدی دف
نی سلیمان علیه السلام غه دیولار یاساب بردیک
طبل نقاره اسکندر ذوالقرنین زمانیدا کشف بولدی
دیبدورلار تمت تمام بعون الملک العلام

خدایم غه یوز مینگ ثنا و سپاس    ینا محمد شکری انگا بی قیاس

علی شیر حکیم بیک غه بردی کلسیا    ختن ایلیغه ایلاردی پادشاه

جو شاه دوییده اول منی خلقغا منصب    بشمغه گلوکو نکولوکیم دلق اینتب

خدانینگ بو نوع عبد الت پرور    کا توی لوغه بوری بیچه باج بر در

منگادمری قابلی تاریخ نوپت    قلو نمکو ده دقتی آل قلم داغی توت

بو امونی مو امتثال ایلیدیم    بو اوج شیرینی مقال ایلیدیم

تمامی معنی رساله لادین    تواریخ الحی بارکتاب منکابدین

یغیب جمع قیلدیم بو تاریخ نه میز    دیگه ی نه توتساپ خشی اهل ختن

اگر عقل کوتا جو یودر دوفاکا    نقتن لیک گتیم دیم بونی یاکار

سبب بولدیکا مونکا علی شیر حکیم    تو لوا مرته برگای خدای کریم

اوقوب بانکلی خاقان یو دو ئیلیبا    علی شیر حکیمغه قیلنکلار دعا

منی قیلمنکلار فراموش تنی    بهشت اولغی خیکیم اوسخی

پر توکی تاریخین تاپکین ایتیبام    بیوکا ... خصیخم حکیم

تو حکات خانه سوز ... نوا    ...

١٢٧١

毛拉·伊斯迈托拉·穆吉孜著

乐 师 传

（维吾尔文）

刊布者：安瓦尔·巴依图尔
　　　　哈米提．铁木尔

责任编辑：努尔穆罕默德

责任校对：努尔毕娅

民族出版社出版　新华书店发行

民族印刷厂印刷

开本：850×1168毫米1/32　印张：4 1/8

1982年6月第1版

1982年6月北京第1次印刷

全漆布面精装：0001—300册　定价：1.15元

平装：0001—9,700册　定价：0.30元

书号：M10049(4)107

烏 137 市